# قەشقەر ئەدەبىياتى

6

1984

www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1984 - يىل 6 - سان

13 - يىل نەشرى

(ئومۇمى 61 - سان)

AltunOq

قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

# بۇ ساندا

## ھېكايە ۋە نەسىرلەر


تۇنجى سەپەر …………………………………… ئېزىز ساۋۇت 1
بىز تېخى مى - نى ئىشلارنى قىلىمىز ………………………… سېيىت زۇنۇن 13
كانىيى پۇتۇك كادىر …………………………………… مۇھەممەت ئىمىن 40
قەشقەر مۇھەببىتى …………………………………… مۇھەممەت ئىمىن ئەخمەت 47
سەھەردىكى چۈش …………………………………… ئەمەت دەرۋىش 50
گۈزەل شەھەر …………………………………… مۇختار ئىبراھىم ( بۇركۇت) 54
ئامان بول ، دېخان …………………………………… مەھەممەت ئەيسا 57
« بالىلىرىم ئۈچۈن… » …………………………………… ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 71
شىۋىرغانلىق كېچىدە …………………………………… ئاتىكەم زەمىر 73
بالىلىق چاغلار …………………………………… مەھەممەت سىدىق تومۇرى 78
ۋەتەن …………………………………… مەھەممەت ئىبراھىم تاش 79


## شېئىرلار


لېرىكا لەۋھىلىرى …………………………………… تۇردى سامساق 20
غەزەللەر …………………………………… ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن 22
ئالتۇن دەۋر سىمالىرى …………………………………… مەخمۇت زەيىدى 28
قۇتلۇق يالداما لېرىكىسى …………………………………… ۋاھىتجان غوپۇر 30
شېئىرلار …………………………………… غوجى ئەخمەت 33
ئۆزۈمە بىلەن سوھبەت …………………………………… ئابلىمىت نىياز 35
قورا سالغان ئاش …………………………………… ئاۋۇت مۇھەممەت 35
شېئىرلار …………………… ئابلىمىت قۇربان ، ئەمەتجان قەييۇم
…………………… ئىزىز سايىت ، روزى رازىق ، مەھەممەت ئېلى ،
…………………… ئابدىراخمان ساۋۇت ، نىياز ئىمىن ، لوقمان
…………………… ئىمىن ، مەھەممەتجان ئەمەت ، مۇقەددەر ساھىت ،
…………………… مۇختەر خېلىل ، ئابدۇراخمان ئىمىن ، ئەركىن
…………………… داۋۇت ، ئۇراپ دايىم ، رەپىقەتجان خېلىل ،
…………………… دورىيەت راخمان ، ئاخمەت مۇھەممەدى ،
…………………… پولات ئېزىز يۈسۈپ ، ماھەممەت ھەسەن .


## ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


« دەھرىدلىنجات » تىن نەمۇنىلەر …………………………………… ئابدىرېھىم نازارى 83


## ماقالىلار


« دەھرىدلىنجات » ھەققىدە …………………………………… ئابدۇرەھىم ئىسمايىل 80
قەشقەر گۈلزارىدىكى خۇشناۋا بۇلبۇللار …………………………………… 94
ھايات ئۈچۈن كۈرەش …………………………………… مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 107
ۋوروۋىسكى كوچىسىدىكى 52 - قورادا …………………… جۇ چۈنيۇ (داۋۇت غازى تەرجىمىسى) 119
«كىچىك ھېكايە ئىجادىيەت مۇسابىقىسى» توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش …………………………………… 126


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


شاھزادە بىلەن ئالۋاستى …………………………………… 116
تەكەببۇرلۇق ۋە كەمتەرلىك …………………………………… ئابدىراخمان مومىن 124
شەيتاننىڭ پىنسىيىگە چىقىشى …………………………………… مەمتىلى ھاۋازى 125



# تۇنجى سەپەر

( ھېكايە )

ئېزىز ساۋۇت

خوشاللىقىم چەكسىز. چۈنكى، بۈگۈن يېڭى ماشىنىنىڭ ئوڭچە باشقۇرىدىغان ئىگىسى بولدۇم. شۇ تاپتا ماشىنامنى ئېلىپ چىقىمەن-دە، ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە سەپەر قىلىمەن. بۇ، مېنىڭ تۇنجى سەپىرىم.

خوشاللىقىم چەكسىز. چۈنكى، شوپۇر بولۇشتەك قىزغىن ئارزۇيۇمغا ئاخىرى يەتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەڭ ئەلاچى ۋە يەنە ئەڭ شوخ ئوقۇغۇچى مەن ئىدىم. شوخلۇقۇمدىن كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلىرىم مەندىن بىزار بولۇپ رەنجىشەتتى، لېكىن، ئەلاچىلىقىم تۈپەيلىدىن سادىر قىلغان ئەيىپلىرىمنى كەچۈرىشەتتى. ھەر ھالدا مېنىڭ جۈرئەتلىك، زېرەك ئالاھىدىلىكىم ئۈچۈن يەنىلا ياخشى كۆرىنەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنى:

" بۇ چوقۇم ئالى مەكتەپلەرگە ئەلا باھا بىلەن كىرەلەيدۇ " دەپ قارىشاتتى. دەرۋەقە، شۇنداقمۇ بولغان بولار ئىدى. لېكىن، مەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ باشقا بىر كەسىپنى تاللىۋالدىم. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانلارنىڭ ھەممىسى ھەيران قالغان ھالدا " ۋاي ئېسىت! " دېيىشىپ قېلىشتى.

قېرىشقاندەك، مەنمۇ بۇ ئارزۇيۇمغا ئاسانلا يەتكىنىم يوق. ئۇيقۇمنى ئېچىپ بولغىچە شوپۇرلۇققا ئالىدىغان سان توشۇپ قاپتۇ. يەنىلا ئىرادەمدىن يانمىدىم. بىرسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شەھەردىكى بىر رېمونت خانىغا شاگىرت بولۇپ كىردىم. 2 — 3 يىل مايغا مىلىنىپ، يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا مېڭىپ

ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا دۇكانغا كەلگەن شو-
پۇرلار بىلەن چىقىشىپ يۈرۈپ، پەيت تاپقان-
دا ماشىنا ھەيدەشنىمۇ ئۆگىنىپ، شوپىرلىق كى-
نىشكىسىنىمۇ قولغا كەلتۈردۈم. دېمەك، چىدام-
لىق بىلەن ئارزۇيۇمغا يېتىپ، ناھىيىلىك سو-
دا ئىدارىسىنىڭ يېپ — يىپكى ماشى-
نىسىنىڭ شوپۇرى بولۇپ قالدىم.

شوپۇرلۇق نېمە دېگەن ياخشى كەسپ — ھە!
كىشىلەر پاقىراپ تۇرغان ماشىنائىغا، مەغرۇر-
لۇق بىلەن كېپىنكىدا رولنى تۇتۇپ ئولتۇر-
غان ساڭا ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ. ھەرتەرەپ-
كە تارتىلغان تۈپ — تۈز يوللاردا، يۈك بې-
سىلغان ماشىناڭنى غا قىرىتىپ يۈرۈپ، ئۆز —
ئۆزەڭدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈپ كې-
تىسەن. كىشىلەر ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ما-
شىنىڭغا سىيلىۋالارمىكىن دەپ يېلىنىش نەزىرى-
دە كۆتىدۇ، ھەممىدىن قىزىقى — قىز-خوتۇنلار.
شوپىر بولىۋالسىن بۇرۇن نى — نى گۈزەل قىز-
خوتۇنلارنىڭ ئۈستى — بېشى ماي، يۈزلىرىنى-
دا ئىخورەك بېسىپ كەتكەن ئۇستامىلارنىڭ
ئالدىدا ماشىنىغا چۈشۈۋېلىش ئۈچۈن يېلىنىپ
تۇرغانلىقىنى ۋە كېپىنكىگە چۈشۈپ يۈرۈپ
كەتكىنىنى كۆرگىنىمدە، يۈرىكىمنى ھەسەت
ئوتى قاپلىۋالاتتى. "شوپۇر دېگەن تەلەيلىك
نېمىكەن — جۇمۇ؟!". دېمەك، شۇ چاغلاردا
شوپۇرلۇقنى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسى-
ۋەتنى ئەنە شۇنداق چۈشەنگەن ئىكەنمەن.
لېكىن، ئەمىلىيەت ئۇنداق ئەمەسكەن. مېنىڭ
ھېكايە قىلىپ بەرمەكچى بولغۇنۇممۇ نەق ئەشۇ
كەچمىشلەر.

مانا، تالڭ سۈزۈلۈپ ئۇپۇق ئاقى-
رىشقا، بارا — بارا قىپ — قىزىل شەپەقچىل-
ۋە قىلىشقا باشلىدى. ماشىنامنى ئوت ئال-
دۇردۇم — دە، يۈرۈپ كەتتىم. كېپىنكىدا ئۆ-
زەم يالغۇز، ئىككى كىشىلىك ئورۇننى ئە-
تەيلەپ بوش قويغانمەن. چۈنكى، يولدا ئوب-
دانراق ھەمرالار چىقىپ قالسا، مەسىلەن: چى-
رايلىقراق قىز — خوتۇنلاردىن بىرەرسى. مې-
نىڭغۇ يامان نىيىتىم يوق، شۇنداق بولسىمۇ،
ئۇ، ھەر ھالدا يېقىملىق، گەپلىرى شېرىن —
مۇلايىم. ئاخشام شۇڭا ئۆيگە كېلىپ ماشىنام-
نا چۈشۈۋېلىشنى سورانغان، ئىدارە دەرۋازى-
سىنىڭ يېنىدا ناۋايلىق قىلىدىغان رازىق نا-
ۋايغا ئۇنىمىغانمەن. ئۇ، ئورۇمچىگە تۇققان
يوقلاشقا بارماقچى ئىكەن. خېلى بىرنەمەۋەدە
قىلىۋىدى، ئۇنىمىدىم. چۈنكى ئۇ تاز، سا-
قاللىرى پاخپىيىپ كەتكەن، تەر پۇراپ تۇ-
رىدىغان، گېپىنىڭ مەزىسى يوق بىر ئادەم.

شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتكىنىمدە، خوتۇنى
ئاستىلاتتىم ۋە كۆڭلۈمدىكىدەك بىرەر ھەمرا
ماشىنا توسۇپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىت بى-
لەن ئىككى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. قېرىش-
قاندەك بىرەرمۇ ھەمرا ئۇچرىمىدى. "ئاپلا
تۇنجى سەپىرىدە ئەجەپمۇ...".

بىر ھازادىن كېيىن، يۈرۈگۈم ھا-
ياجاندىن ئويناپ كەتتى. شۇنداق
بولسىمۇ ئۆزەمنى بېسىۋالدىم، چۈنكى، شەھەر-
نىڭ چېتىدىكى ئىككى تەرەپكە كېتىدىغان يول ئا-
چىلىدا يۈك — تاقىنىڭ ئۈستىدە بىر ئايال
ئولتۇراتتى. تېخى ئۆيلەنمىگەن، 23 ياشلىق
يىگىتمەن. قارا قاشلىق، مەڭزىلىرىدە-
دە قان يايراپ تۇرىدىغان، قارا كۆز، قاڭ-
شارلىق، كىلىشكەن چىرايىدىكى ئالدىراپ قويۇ-
ۋالغان مايسىدەك بۇرۇتلىرىم ھەقىقەتەن-
مۇ يارىشىپ تۇراتتى. دېمەك، ھەم
ياش، ھەم كىلىشكەن. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە شوپۇرمەن — دە! ئۆزەمگە ۋە كەسپىمگە تو-
لىمۇ ئىشەنگەن ھالدا ماشىنىنى ئاستىلىتىپ
ھېلىقى ئايالغا يېقىنلاشتىم — دە، ھەيران
قالدىم: پاھ، بۇ قىز ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل بىرى-

ا قىزى ئىدى. چامامدا يېشى 18 لەردە بولسا كېرەك. كىيىم ـ كېچەكلىرى ئادەتتىكى يېزا خوتۇن ـ قىزلىرى كىيىدىغان كىيىم. يەنى، ئايىغىدا ئورتا پاشنىلىق خىروم تۇپلەي، ئۈستىدە بېخىرەڭ نىلۇن چاپان، گۈللۈك شىفۇڭ كۆينەك، بېشىدا گۈللۈك ھېلىلە ياغلىق، لېكىن، چىرايى بولسا ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئورتا بوي، شۇنچە ئوماق، ساددا چىراي ئىدى. ئاپپاق بۇدرۇق يۈزلىرىنى قىزىللىق ئارىلىشىپ كەتكەن، تېگى ـ تېگىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرغان سۈپ ـ سۈزۈك بىر نۇر ئېقىنى قاپلىغان ئىدى. غۇنچىدەك لەۋلىرى ئارىسىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس دەرىجىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپپاق چىشلىرى، قىيپاش كەتكەن قارا قاشلىرى ئاستىدىكى كەڭ بادام قاپاقلىرى ئارىسىدا ئەتراپقا ۋە قارىغان كىشىگە بىر شېرىن تۇيغۇ لەززىتىنى تارقىتىپ تۇرىدىغاندەك مۇلايىم قارا كۆزلىرى خومالاشقان ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ياشلىقتا كىشى تاكى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغىچە جۈپ تاللاش جەھەتتە مۇتەخەسسىس بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ ئەشۇنداق چىرايلىق قىزلارنى كۆرسەم ئېرىپلا كېتىمەن، قايسىنى تاللاش جەھەتتە بىر قارارغا كېلەلمەي. بىر قانچە قىزلارنى نارازى قىلغان يەرلىرىمۇ بار. ئەمما مۇنۇسى يېزا قىزى ئىكەنلىكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايدىغان گۈزەللەردىن ئىدى.

ھەر ھالدا ئۆزى بىر نېمە دەر دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ماشىنامنى ئاستا ھەيدەپ ئۆتتۈم. لېكىن، قىز كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كېپىنكىشا بويۇنداپ قارىدى ـ دە، مېنىڭ قارىداي تۇرغانلىقىمنىمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنچىقمايلا، يەنە يولنىڭ نېرىسىغا قاراشقا باشلىدى.

يۈرىگىم جىغىغىدە قىلىپ قالدى. دېمەك، ئۇ مېنى مەنسىتمىدى، ۋەدىلىشىپ قويغان ماشىنىنى كۈتۈپ تۇرامدۇ ـ يە؟ ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى مېنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىشىمنى كۈچەيتكىلى تۇردى. ئادەم ئاجايىپ نەرسە، قوغلاشقاندىن قاچىدۇ، قاچقاننى قوغلىشىدۇ. نېرىغىراق بېرىپ، ماشىنام ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئارىدا 8ـ7 ماشىنا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، قىز يەنىلا ئۇنچۇقماي يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. «خېلى ھالى بار بىر نېمە ئوخشايدۇ، سەرالىق بولمىسا توي قىلغۇچىلىكى بار نېمىكەن، كېيىن بارا ـ بارا ئۆزگىرىدۇ ئەمەسمۇ؟ بەلكى يېزا قىزلىرى ساددا، چىداملىق، ئىشچان كېلىدۇ. نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن ئېپلىشىۋېلىش، ئېپى كەلسە، توي قىلىش ھەقىقىدە پۈتۈشۈپ قويۇش كېرەك. قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە تەكەللۇپ بىلەن:

— ياخشى قىز، كىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىسىز؟ نەگە بارماقچىسىز؟ كۈتۈپ تۇرىدىغىنىڭىز بولمىسا، كېپىنكا بوش، چىقىۋالامسىز، — دېدىم. بۇ گەپلىرىم بىلەن تەڭ تىل ۋە قاش ـ كۆز، چىرايىمدىكى ھەركەت ماھارىتىمنى ئارتىسلاردەك ئىشقا سېلىپ قىزلارنى «شۈررىدە» ئېرىتىپ تاشلايدىغان مايسىدەك يارىشىملىق بۇرۇتلىرىم ئاستىدىكى سەدەپتەك چىشلىرىمنى كۆرسىتىپ، ئوتلۇق كۆزلىرىمنى تىكىپ قارىغىنىمنى تۇيۇپ تۇردىمەن.

— جامىغا، — دېدى قىز تولىمۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — ناھىيىگە بىر ئايلىق يىغىلىش كۇرسىغا بېرىۋېدىم، قايتىشىمدا، ماشىنا ئىزدەپ تۇرغانتىم.

قىزنىڭ ئەدەپلىك كۈلۈمسىرەشلىرىدە كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدىغان بىر سېھىرى كۈچ بار ئىدى. يۈرىگىم شاتلىقتىن ئويـ

ناپ كەتتى. مانا تەلەي دېگەن!

— ئەمىسە بۇ ماشىنىغا چىقىشۇلىلىڭ، — دېدىم.

— ماشىنىلىرىڭدا يۇك تۇرسا نەگە سىغارمەن؟

— كېپىنكا بوش دېدىمغۇ، يۇكلىرىڭىزنى ئۈستىگە بېسىۋېتىمىز.

— ۋېيەي ئۇستام، — دېدى قىز تارتىنىشنى بىلدۈرۈپ، — سېلىنىڭ يانلىرىدىما؟ خىجىل بولمامدىمەن! — شۇنداق دېدى-دە، پاقىراپ كەتكەن كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

— نېمىشقا تارتىنىسىز، — دېدىم مەنمۇ ھاياجىنىمنى باسالماي، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنى ماشىنىغا چىقىرىۋېلىشىمنىڭ ئۆزىمۇ تەس ئوخشايدۇ. تاكتىكامنى ئۆزگەرتتىمدە، تۈز — سادا قىياپەتكە كىرىپ:

— ئىختىيارىڭىز، قارىسام تۇرۇپسىز، ئورۇن بوش بولغاندىن كېيىن، ئېلىۋالاي دېگەنتىم، ماقۇل، كېتىۋېرەي ئەمىسە.

بازلامچە خورازدەك ماشىنامغا قاراپ ئۈچتۆت قەدەم بېسىشىمغا قىزنىڭ:

— ماقۇل ئەمىسە، جام گۇڭشىغا بارمايمەن، بىرىدىرەك بىر ئۆتەڭ بار، شۇ يەردە چۈشۈپ قالىمەن، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ كېيىنكى «سەمىمىيىتىمگە» ئىشەندى، دېمەك، قولغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ كەتتۇق.

قىز ئۈنچىقمايتتى. يولغا ئۇدۇل قاراپ كېپىنكىدىن يىراقلارغا كۆز تىكەتتى. كۆز قۇيرۇغىدا قاراپ قويىمەن. يەنىلا ئەشۇ چىرايلىق — سۈزۈك نۇرلۇق يۈزلەر، خۇمالىق كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان كۆزلەر ..... لېكىن ئۇنىڭ كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان شۇنداق گۈزەللىكىنىڭ قېتىدا يەنە كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان، يەكلەش كۈچىگە ئىگە، ئاللا قانداقتۇر بىر سېھرى خاسىيەت بار ئىدى. شۇڭا نەچچە قېتىم گەپ قىلاي دەپ پېتىنالمىدىم. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. ئاخىرىدا پۇتلىرىمنى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا تەككۈزۈش، جەينىكىمنى، بىلەكلىرىگە تەككۈزۈش، شۇ ئارقىلىق گەپ تېپىش ئۈچۈن بارغانسېرى كىرىلىپ ئولتاردىم. لېكىن قىز بارغانسېرى سىلجىپ كېپىنكىنىڭ نېرىقى ئىشىگىگە قىستىلىشۋالدى. شۇنداقتىمۇ يەنە چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. ماشىنىنى باشقۇرۇش قولايسىزلىشىشقا باشلىغانلىقتىن، ئىلاجىسىز پۇت — قوللىرىمنى يىغىشتۇرىۋالدىم. ۋاقىت ئۆتىۋەتتە ...... قىز بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشالمىغانلىقىمغا تىت — تىت بولۇپ كېتىپ بارىمەن. ئاخىرى قىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى نەرسە — كېرەك سالىدىغان ساندۇقتىن پەلەسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كوكرىگىگە جەينىكىمنى تەككۈزىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. لېكىن شۇ ئان قىزنىڭ:

— ۋېيەي، ئۇستام، ھەجەپمۇ بىسەرەمجان جەينەككەنغۇ بۇ! — دېگەن تەنبىھىنى ئاڭلىدىم. شۇ گەپ بىلەن قىز پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى. تىنىم شۇركىنىپ، ئۇجۇقۇپلا كەتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ كۈلكىسى شاڭخو ئىدى. ئارىنى يەنە كۆڭۈلسىز سۈكۈت قاپلىدى. ماشىنا كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن غوڭۇلدىماقتا. ۋاقىت بولسا ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. قايتا گەپ قىلىشقا ئورۇنۇپ كۆرگەن بولسامۇ، لېكىن، بىر خىل ئەيمىنىش تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى قاپلىۋالغاچقا، جۈرئەت قىلالمىدىم. دېمەك، يولدا ئۇچرىغانلىكى ھەمراھلارنىڭ ھەممىسى شوپۇرنى ئېزىز-لاۋەر — مەيدىكەن.

— سىڭلىم، — دېدىم بىر ھازا ماڭغانىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىن كېيىن جۈر ئەتلىنىپ ، ئىسمىڭىز نېمە؟

— رەيهانەم.

— ئاتا - ئانىڭىز باردۇ؟

— بار.

— تېخى تۇرمۇشلۇق بولمىغانسىز؟

— ...

قىز ئۇياققا قارىۋالدى. مۇرىلىرىنىڭ سىلكىنىشىدىن ئۇنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. ئۆزەممۇ سەل تىترىككەن هالدا قىزغا نىسبەتەن ئاچچىغىم قوزغالدى. «قارىمامدىغان، ماۋۇ سەهرالىقنىڭ هاكاۋۇرلىقىنى، ئېلىۋالمىسامۇ بوپتىكەن. چۈشۈرۈۋېتەيمۇ يا ماشىنىدىن!» لېكىن مۇنداق قىلىشقا يۈز قانداقمۇ چىدايدۇ. «ئۆزەڭ ئېلىۋالدىڭ، ئۆزەڭ چۈشۈرۈۋەتسەڭ، تازىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن نامەرتلىك ......»

قىزمۇ كۆڭلۈمدىكىنى تۇيغاندەك، ئۆزىنى رۇسلاپ ئالدىغا قاراپ ئولتاردى - دە، ئاندىن كۆز قۇيرۇغىدا ئىللىققىنا بىر قاراپ قويدى. تەنلىرىم بۇشۇشۇپ بىر قىسىملا بولۇپ كەتتىم: «جادىگەر - ئاپەت! قىز تېپىلمىغاندەك نېمىشقىمۇ ئۇچرىشىپ قالغاندىمەن». راستىمنى ئېيتسام قىزنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم (بۇدا قىسى چوقۇم راست!) توۋا، تاللا - تاللا، بۇنىڭغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغىنىنى... شەهەردە نى - نى گۈزەل قىزلار ئىسكەتىمنى بىر كۆرۈپ، يالقۇن چېچىپ تۇرىدىغان گەپلىرىمنى بىر ئاڭلاپلا، ماڭا مەهلىيا بولۇپ قالاتتى. ئەندىلىكتە مەن بۇ قىزغا مەهلىيا بولىۋاتىمەن. ئۇنىڭ زادى نېمىسى ئارتۇق، ئۆزەممۇ هەيرانمەن. هەر هالدا ئۇنىڭدا چىراي گۈزەللىكىدىن باشقا يەنە مەشئەلدەك نۇر چېچىپ تۇرغان يارقىن ۋە هەيۋەتلىك بىر سېهرى كۈچ بار ئىدى.

...ۋاقىت ئۆتمەكتە. جام گۈگۈمىسىغىمۇ يېقىنلىشىپ قالاي دىدۇق. يەنە بىر دەمدىن كېيىن قىز دىگەن ئۆتەڭگە يېتىپ كىلىمىزدە، ئۇ چۈشۈپ قالىدۇ. يالغۇزلۇق هەسرىتىمگە پېتىپ يۈرۈپ كېتىمەن...

جىملە بولغانلىقىمدىن كاللامغا ئۇشتۇمتۇت بىر ئەخمىقانە ياۋايى پىكىر كەلدى: «قىزغا كۆڭلۈمنى ئېچىپ دەۋالاي»، مەلىسىز بىر تۈزگە ئۇلاشقاندا ماشىنىنى تويۇقسىز ئاستىلاتتىم ۋە جىددىيلىك بىلەن بۇرۇلۇپ بىر قولۇم بىلەن قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزەمگە قارىتىپ تارتتىم.

— رەيهان قىز، مەن راستىنلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. تېخى ئۆيلەنمىگەنمەن، تۇرمۇش قۇرايلى - هە! ماڭا كۆڭۈل بەرسىڭىز!...

قىزغا شۇنى دەپ قورقۇنۇچتىن تىترەپ كەتتىم. قىزنىڭ باياقى خۇشخۇيلىقى، نازاكەتلىكى يوقاپ، ئۇنىڭ چېهرىسىنى بىرخىل غەزەپ ئىگەللىدى. چىرايلىق كۆزلىرىدە نەپرەت ئۇچقۇنى چاقنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئۆز قەدرى - قىممىتىنى بىلىشتەك ئۇلۇغ پەزىلەت گويا كى هەيۋەتلىك گۈلدۈرماما ساداسىنى ياڭرىتىپ چېقىلغان چاقماقتەك چېقىلىپ، مېنىڭ قاملاشمىغان ئەخمىقانە قىلىقلىرىمغا يالقۇنلۇق تىللىرىنى سوزدى. دىمەك، بۇ چاقماق ئوتى بىلەن قىزلار قەلبىنى بوي سۇندۇرۇشتەك چاكىنا يىگىتلىك غۇرۇرۇم سۇندى - دە، ئىختىيارسىز قولۇمنى تارتتىم. شۇ ئەسنادا يەنە قىزنىڭ:

— ئۇستام، كۆكسىلىرىنى بېسىۋالسىلا، ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ، هادىسىگە يولۇقمايلى، - دىگەن جاراڭلىق ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى - دە، گاراڭلىقتىن دەرهال ئۆزەمگە كەلدىم. قا-

رىسام ماشىنا ئەگرى ـ بۈگرى مېڭىۋېتىپتۇ، قىزمۇ ئۆزىنى سىرتقا ئېتىش ئۈچۈن بىر قولى بىلەن كىپىنكە ئىشىگىنى ئېچىپ تەييارلىنىپ تۇرغان ئىكەن.

ــ ۋۇي رەيھان قىز، ــ دېدىم تولىمۇ چىدىلىشىپ كەتكەن هالدا، ــ ئۇنداق قىلماڭ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ!

خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. قىز «لاپپىدە» بىر قارىدى ـ دە، ئۆزۈمدىكى چىنلىقنى ئىپادىلەيدىغان خىجالەت بولۇشتەك ئالامەتلەرنى سەزدى بولغاي، جايىغا ئولتۇردى ۋە بارا ـ بارا باياملقى ئەكسىگە كەلدى.

يۈز ـ كۆزۈمدىن تەر قۇيۇلدى. قىلىقلىرىمدىن نومۇس قىلىپ قىز تەرەپكە قاراشقىمۇ رەغىم قالمىغان ئىدى. كۆڭلۈم تولىمۇ غەش بولۇپ كەتتى. «قانداقچە سادىر بولۇپ قالغان ئىش، ئەستاها!...»

شۇ ئەسنادا «غاراس ـ غۇرۇس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ماشىنا قاتتىق سىلكىنىپ، چالاقىشقا باشلىدى. دېمەك، ماشىنا خامۇشلۇق ئىچىدە يولنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى تاللىماي ماڭغانلىقتىن، رىسور سۇنغان ئىدى. يەنە كېلىپ هەر ئىككىلا تەرەپ، مەهەللە ئىچىدىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. مانا ئەندى ئاپتاپتا كۆيۈپ ـ پىشىپ كەتكىچە رىسور يەڭگۈشلەيدىغان گەپ. ما پىشكەللىكنى كۆرۈڭ. چىرايىم تۇتۇلۇپ، نىمە قىلاردىنى بىلمەي قوتراشقا باشلىدىم. قىز هەققىدىكى باياملقى ئارزۇئۆمىتلەر نەلەرگە كەتتى... بىردىنلا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ كەتتى: «هەممە كاساپەتچىلىك مۇشۇ قىزنى ماشىنىغا سېلىۋېلىشىدىن بولدى، تۇنجى سەپىرىدىلا بىر نەسلىككە يولۇقتۇم، نۆزەمبىللا ئەمدى ماشىنىغا ئايال ئالمايمەن!»

يولنىڭ چېتىگە چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتاردىمدە، ئاچچىقىمنى تاماكىدىن ئېلىپ، قاتتىق ـ قاتتىق شوراشقا باشلىدىم. يەرئاستىدىن قىزغا سۆرۈنغىنە بىر قاراپ قويدۇم. هوشيار قىز قاراشلىرىمدىن كۆڭلۈمدىكىنى پەملىدى بولغاي، خىجالەت بولغان هالدا قىزىرىپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن ئاستىغىنە ئالدىمغا كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن:

ــ ئۇستام، ماشىنىنى ئاستىراق بولسىمۇ هەيدىگىلى بولماسمۇ؟ مەن چۈشۈپ قالىدىغان يول بويىدىكى ئۆتەڭدە بىر رېمونتچى ئۇستام بار، قولى چىۋەر ئادەم، ئۆتكەن ـ كەچكەن ماشىنا ـ تىراكتورلار شۇ ئۇستامنىڭ دۇككىنى ئالدىدا توختاپ، بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىپ، سايمان يەڭگۈشلەپ مېڭىشىدۇ.

ئۇنىڭ تەكلىۋىدە ماشىنامنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىغا خۇددى ئۆزى سەۋەپكاردەك بىر خىل خىجالەت ۋە مېنىڭ قىيىن ئەهۋالدا قېلىشىمغا نىسبەتەن بىر خىل ئېچىنىش ئىپادىلىرى بار ئىدى.

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم :

ــ راستىمۇ؟

قىز بېشىنى يېقىملىقىنە لىڭشىتتى. يۈرۈپ كەتتۇق.

× ×

ــ توختىمۇسەن؟ بۇ ياققا قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى؟ هە، ئاخىر كۆز لىگەن مەقسىدىڭگە يېتىپسەندە، ئالىجوقى!

تاشيولنىڭ ئىككى چېتىدىكى بۈككىنە دەل ـ دەرەخ، باغۇ ـ بوستانلارغا پۈركەنگەن غۇژمەككىنە مەهەللە ئۆتەڭنىڭ يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كۆۋرۈكنىڭ بويىغىلا جايلاشقان رېمونت دۇككىنىدىن چىقىپ كەلگەن گەۋدىلىك، چىرايى قارامتۇل، ياشقىنا بىريىگىت مېنى كۆرۈپلا ئاشۇ سۆزلەر بىلەن قارشى ئالـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دى. تونالماي تۇرۇپ قالدىم.

— هوي ئالىجوقى، راستلا تونىمىدىڭمۇ؟ مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسىدا ساڭا پاس چىقىرىپ بېرىدىغان ئارقا پارتىدىكى ساۋاقدىشىڭ هوشۇرغۇ مەن. شوپۇر بولۇۋېلىپ هەممىنى ئۇنتۇدۇم دېگىن!

— هوي، هوشۇر! ئاداش بارمۇسەن؟ تىنچلىقمۇ ئۆزى؟ ئاتا - ئاناڭ...

هەر ئىككىمىز خوشاللىق - هاياجانلىرىمىزنى باسالماي قالدۇق. ساۋاقداشلىق هېسسىياتى هەقىقەتەن بەكمۇ قەدىرلىك ۋە شېرىن بىر هېسسىيات. ماشىنىدىن چۈشۈپ نېرىدىراقتا تۇرغان رەيهانگۇل ئىككىمىزنىڭ ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ كۆرۈشۈپ كەتكىنىمىزگە قاراپ، مەسىلىگى كەلگەن بولسا كېرەك، سەمىمىلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى. ئىككىمىز كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەهۋالنى قىسقىغىنە چۈشەندۈردۈم ۋە يەنە تېزراق رېمونت قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى، هېلىقى كۆڭۈلسىز ۋەقەنىڭ غەشلىكى مەندە تېزراق يولغا چىقىپ كېتىش تەقەززاسىنى پەيدا قىلغان ئىدى. كۆز قۇيرۇقۇمدا تېخىچە كۈلۈپ تۇرغان قىزغا قاراپ قويدۇم.

— رەيهان، — دېدى ئۇ بىردىنلا قىزغا كۆز قىسىپ، — مۇنداق ساۋاقداشنىمۇ ئۇچراتقانمۇسىز؟ 5 يىل بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ، ئاكا - ئۇكىدەك ئۆتتۇق، 4 يىل ئايرىلىپ كېتىپ، بىر ئۇچراشقاندا، بىرەر سائەت ئولتۇرماي كېتىشىڭ! هۇ تاش يۈرەك! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، هېچ بولمىسا ئەتە چۈشتىن كېيىن يولغا سېلىپ قويىمەن. هەي، هەسەن، ئاۋۇت قولۇڭلاردىكى ئىشنى قويۇپ، ماۋۇ ماشىنىنىڭ بىر پاي چاقىنى چىقىرىۋېتىڭلار، بولمىسا قېچىپ كېتىدۇ. بۇ، رامغا دامكىرات قويۇپ كۆتۈرۈپ قويۇڭلار، ئەتە رېسور باسىمىز، هەم ئەنە

دى نەگە قاچىسەن قېنى!

بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئىككى شاگىرت قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، كۇلۇچلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ماشىنامنىڭ چاقىغا يېپىشتى.

هوشۇرنىڭ رەيهان قىزغا قاراپ خۇددى يېقىن ئادەمدەك گەپ قىلىپ كېتىشلىرىدىن بىر قىسما بولۇپ قالدىم. «بۇلار تونۇشكەندە؟ تۇققانمىدۇ يا؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئىشىنىڭ ئوخشىغىنى شۇ. بىر ئامال قىلىپ تېزرەك كېتىۋالاي» ئەنە شۇ ئويلار بىلەن كۆز قۇيرۇقۇمدا رەيهانغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى ماڭا قىزىرىپ كەتكەندەك بىلىندى ۋە دەرهال شىگلىسىنى ئېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. گۇمانىم تېخىمۇ كۈچەيدى، كېيىنكى كۆڭۈلسىز خىجالەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شاگىرتلارنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئاللىقاچان چاقنىڭ ۋىنتلىرىنى بوشۇتۇپ بوپتۇ. توسۇپ بولغىچە شارت - شۇرتلا چاقنى چىقىرىپ بولدى - دە، بايام قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قايتىشتى. بۇنىڭدىن شاگىرتلار ئالدىدا هوشۇرنىڭ بۇيرۇقىنىڭ قەدرى - قىممىتىنىڭ يۇقۇرىلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. نىمە ئامال، كۆڭلۈم غەش هالدا كۈلۈپ قاراپ تۇرغان هوشۇرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. ئۇ هەقىقەتەنمۇ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يېقىن ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىرى ئىدى.

— نىمانچە ئالدىراپسەن؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ ئىلاجىسىز قالغىنىمدىن مەمنۇن بولغان هالدا، — مە تاماكا چەك، ئەتە چۈشتىن كېيىن يولغا سالىمىز.

ئاخىرى رەيهانگۇل ئۆيىدىن بىر قاچىدا دوغ ئېلىپ چىقىپ سۇندى.

— ئۇسسۇزلۇق ئىچسىلە!

ئۇنىڭ ئەۋەلقىدەك بىر خىل يېقىملىق كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇزاتقان دوغنى ئېلىۋې

تىپ قوللىرىم تىترەپ كەتتى. ھوشۇر ئەجەپلىنىپ قاراپ قويدى. قىز كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ھوشۇردىن ئىككىلىنىپراق سورىدىم:

— ئاداش، بۇ قىز نىمەڭ؟ سىڭلىڭ بولامدۇ — يە؟

— ئاخماق!— دىدى ئۇ كۈلۈپ كىتىپ،—مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ.

—ھە!؟...

ئۆزەمنى زورىغا بېسىۋالىغان بولسامۇ، قولۇمدىكى چىنە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولاتتى. گەجگەمدىن مۇز سېلىنغاندەك شۈركىنىپ كەتتىم. كۆزلىرىم چەكچىيىپ، چىرايىم تاتاردى بولغاي، پىشانەمدىن مۇزدەك تەرتامچىلىرى مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. بۇنداق جىددى روھى ھالەتلىرىمنى كۆرگەن ھوشۇر تېخىمۇ ھەيران بولغان ھالدا:

— ھوي نىمە بولدۇڭ؟ بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ يە؟— دەپ سورىدى.

— ياق! ماشىنىدا تۇنجى سەپىرىم بولغاچمىكى كۆڭلۈم ئاينىپ قالدى.

ھوشۇر ئورنىدىن تۇردى — دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بەندىڭدا قوقاستا ئولتاغاندەك ئولتادىم. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنۇمدىن قوپۇپ كەتتىم. كۆڭلۈم تولىمۇ بىئارام بولۇپ كىتىپ باراتتى. «ئەستاخىپۇرۇللا، رەيھان ئەمدى ئۇنىڭغا يولدا بولغان ئىشلارنى دەيدۇ، ئۇلارغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن، ئۆلگۈنۈم ياخشى ئەمەسمۇ؟ بىۋگىۈن مېنى نەس باسقان كۈنمۇ نىمە؟ قىزنىڭ تەنبىھلىرى ئاز كەلگەندەك، ھوشۇرنىڭ ئۇنىڭغا ئەر ئىكەنلىگىنى قارىماقچىغان، يانا. ئۇ مېنىڭ يېقىن ساۋاقداش دوستۇم ئەمەسمۇ؟ بۇلارنى ئازدەپ ماشىنامنىڭ بۇزۇلۇپ، دەل شۇنىڭ ئالدىغا رېمونتقا چۈشۈپ قېلىشى ئاچايىپ بىر توغرا كىلىشى؛ خۇراپاتقا ئەزەلدىن ئىشەنمەيمەن، لېكىن بۇ ئىشتا ئىككىلىنىپ قالدىم. بۇ ماڭا نىسبەتەن تەقدىرنىڭ جازاسىمۇ — قانداق؟ ئەييۇھەنناس! تۇنجى قېتىم ھايات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن تەجرىبە — ساۋئەممەتىنى سىلىەرگە جاكالاپ قويۇي (گەرچە بۇ نەچچە ئون مىڭ يىللىق ھايات — ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىسپاتلانغان قانۇنىيەت بولسىمۇ) دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قەبىھ گۇنا — پەزىلەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، ئەڭ ئېغىر جازا بولسا—خىجالەتچىلىك، نومۇس ئوتىدا كۆيۈش بولسا كېرەك»

بىر دەمدىن كېيىن ئەر — خوتۇن ئىككەيلەن ئىنتايىن خوشال ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كېلىشتى. «ھوشۇرنى چىرايىنى غەزەپ — نەپرەت قاپلىغان ھالدا كۆرەمەن ۋە مېنى دەرھال سۆكۈپ قوغلايدۇ» دەپ ئىزتىراپقا چۈشكەن كۆڭلۈم ئۇلارنىڭ خۇشخۇي، خۇددى ئارىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاق كۆڭۈللەرچە مۇئامىلىسىدىن گويا ئېرىپ كېتىدىغاندەك ۋە شۇنىڭ بىلەن ھاياتىم ئاخىرلىشىدىغاندەك بىر خىل ھالغا چۈشۈپ قالدى. پۈت — قوللىرىمدا ماغدۇر قالمىدى. رەيھان قىز ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا دىدىمۇ — دىمىدىمۇ، ئۇنى بىلمىدىم، ھەر ھالدا ئۇ مېنى ئاياش يۈزىسىدىن، ئىككىمىزنىڭ بالىلىق ساۋاقداشلىق خاتىرىسى يۈزىسىدىن، ئۇ قوشماسلىق بىللەن بولغان بۇ ئىشلارنى ئېچىگە يۇتۇۋەتكەندۇ ۋە ياكى ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىغا داغ چۈشەرگۈسى كەلمىگەندۇ، مۇبادا دىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەرت ساۋاقدىشىم ھوشۇر ئۇ قوشماسلىق بىلەن بولغان بۇ ئىشنى ئەپۇ قىلىۋەتكەندۇ، ئارىمىزغا داغ چۈشۈرگۈسى كەلمىگەندۇ. ياشلىقتا ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماسلىقتەك قىلمىشلارنى توغرا چۈشەنگەندۇ...

مەيلى، نېمە بولسا-بولسۇن، ئۇلاردا قىلچە چېنىش ئالامىتى سېزىلمەيدى. بەلكى ئۇلار شۇنداق ئالىجاناپ مەرتلىكى، پەزىلىتى بىلەن مېنى ئىلگىرى - ئاخىر ئېسىمدىن چىقمايدىغان قىلىپ بىر جازالىدى ...... بۇ ئادەمنى ئوتقا قاقلاش ۋە ياكى مىققا ياتقۇزۇشتەك قەبىھ جىسمانى جازادىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئېغىر ئەمەسمۇ؟

ھوشۇرنىڭ قولىدا كىگىز، كۆرپىلەر، رەيھان قىزنىڭ قولىدا ياستۇقلار......

— جۇر، — دېدى ھوشۇر مېھمان دوستلۇق بىلەن، — ئىككىمىز باغدا - سالقىندا ئوبدانچە پاراڭلىشىۋالايلى. سەن كۆڭلى قاتتىق سېغىنغان بىلەن مەن سېغىندىم. سېنىپ مەسئۇلەمىز رازىيە خانىم ھېلىمۇ جاپالىق ئىشلەۋاتامدىكىن، يېزىغا، ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ باغ سەيلىسى قىلىپ بىرەي دېۋىدىم، زادى قولۇم ئىشتىن بوشىمىدى، كۈندە ئىش كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەم باي بولۇش كويىدا...

ئۇنىڭ سەممىي گەپلىرىدىن تولىمۇ تەسىرلىنىپ كەتتىم. ئەھۋالىدىن قارىغاندا رەيھان ھېلىقى گەپلەرنى ئېيتمىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا كەمچىلىكىمنى كۆرسەتمىشىنىمۇ بىلمىدىغان ۋە پەيتى كەلگەندە ئۇنى يوشۇرۇشنىمۇ، ئاياشنىمۇ بىلمىدىغان بۇ قىزدىن تولىمۇ رازى ۋە قايىل بولدۇم - دە، ئاستاغىنا بۇرۇلۇپ، بىز بىلەن يانداپ مېڭىۋاتقان قىزغا قاراپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۇرۇپ كۈلۈمسىرىدىم.

— ئۇستام، — دېدى قىز كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك دەرھال گەپنى ئۆزگەرتىپ، — بۈگۈن سىلە ئېزىز مېھمىنىمىز، كەچتە ئۇرۇق - تۇققان، دوست يار - ئاغىنىلەرنى يىغىپ مەشرەپ قىلىپ بەرمەكچىمىز، يەنە كېتىمەن دەپ يۈرمەي، بىمالال ئارام ئالسىلا، جۇمۇ!

شۇنداق قىلىپ باققا قەدەم قويدۇق. مېۋە دەرەخلىرىنىڭ رەتلىكلىكى، مېۋىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل، سەر خىللىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، 2 موچە كېلىدىغان باغ ھەقىقەتەن كۆركەم - چىرايلىق ئىدى. باغ ياقىلاپ سۈپ - سۈزۈك بىر ئېرىق سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئېرىق ياقىلاپ ئۈنگەن گۈللەر قوياش نۇرىدا رەڭمۇ - رەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى. ھوشۇر مېنى باغنى ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن سۈيى سۈزۈك، ئەتراپىنى مەي باغلاپ پىششىپ كەتكەن كىشمىش ئۈزۈملەر ئورىغان كۆلچەك بويىدىكى سۇپىغا كىگىز - كۆرپىلەرنى سالدى. رەيھانگۈل ياستۇقلارنى قويدى.

— سىلەر بىر پەس باغنى ئايلىنىپ سالقىنداڭلار، مەن داستىخان ئېلىپ چىقاي، — رەيھانگۈل يېنىپ كىرىپ كەتتى. ئاكىنىچە باغنى ئايلاندۇق.

— قېنى، داستىخانغا كېلىڭلار! — دەپ چاقىردى رەيھانگۈل، بىز سۇپىغا يېنىپ كېلىپ بولغىچە داستىخاننى سېلىپ تەييارلاپ بوپتۇ. پاھ! داستىخان ھەقىقەتەن مول ئىدى. قايماق، قاتلىما نان، چايداندا چاي، بىر تەخسىدە قوي جىگىرىدىن قىلىنغان قازان كاۋاپ، 3 بوتۇلكا پىۋا ...... نېمە دېگەن چاققان ئايال - ھە! ئاكىنىچە بىر شاخنى ئىرغىتىپ، پاكىزە چايقاپ بىرلىگەن كىشمىش ئۈزۈك ئېلىپ كەلدى.

— قېنى پاراڭلىشىپ ئارام ئېلىڭلار، مەن كەچلىك ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇراي. ئۇ چىقىپ كەتتى. باغدا ئوبدانچە قالدۇق. دەسلەپتە پارىڭىمىز ئانچە قولاشمىدى، پىۋىلار ئېچىلىپ، كاۋاپلار يېيىلگەندىن كېيىن، بىر

ئازقىزىدۇقدە، مەكتەپتىكى ھاياتىمىز ، ئو ـ
قۇتقۇچىلىرىمىز ، قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداش
دوستلىرىمىز ھەققىدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمە ـ
لەرنى ئەسلەشتۇق . ھوشۇرغا شوپۇر بولۇشقا
قەدەر ئارىلىقتىكى كەچمىشلىرىمنى قىسقىچە
سۆزلەپ بەردىم . ئاندىن مەنمۇ ئۇنىڭ كې ـ
يىنكى ھاياتى ، بولۇپمۇ رەيھانگۇل بىلەن
قانداق تونۇشۇپ تۇرمۇش قۇرۇپ قالغان ـ
لىقى توغرۇلۇق سورىدۇم.

ـ ئاتا ـ ئانام شۇ يەرلىك ، ـ دېدى
ھوشۇر پىيالىدىكى پىۋىدىن بىر ئوتلاپ قو ـ
يۇپ ، ـ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇ ـ
قۇرى مەكتەپلەرگە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم ،
شەھەردىن بىرەر ئىش ـ پىش چىقمىدى .
ئىلاجىسىز مەھەللىگە قايتىپ كېلىپ دېخان ـ
چىلىق ئىشىغا قاتناشتىم . دەل شۇ پەيتتە
مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، بې ـ
يىش يولى ـ ھاياتلىق يولى ئېچىلدى .
ئاتام بىلەن بىللە ئىشلىدىم . كېيىن يول
ئۈستى بولغاچقا بانكىدىن قەرز ئېلىپ ، بۇ
رېستورانىنى ئاچتىم . ئۆزەڭ بىلىسەن، مەك ـ
تەپنىڭ پىراكتىكا زاۋۇتىدا تېخنىكىغا ھە ـ
ۋەس ئىدىم . شۇ يەردە ئىگەللىگەن ئە ـ
مەلى بىلىملىرىم تازا ئەسقاتتى دېگىنە .
مانا ئەمدى بۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى بولۇپ
قالدىم ... رېستورانىمىزنىڭ داڭقى يىراق ـ
يېقىنلارغا تارالغاندىن كېيىن ، كۆڭلۈممۇ
كۆتۈرۈلۈپ ، يەنە بىر بۆلۈك خىراجەت ،
ماددىي سايمانلار ئارقىلىق دۇكاننى كېڭەي ـ
تىشىمگە ئىلھام بەردى. رەيھانگۇل بىلەن
توي قىلىش تارىخىنى سورىساڭ ، بىز تو ـ
لىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە توي قىلدۇق . بۇ
جەھەتتىكى كەچمىشلىرىمىز گۈياكى پەرھات ـ
شىرىن ھېكايىلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ھوشۇر ئۆزىنىڭ مۇھەببەت تارىخىنى پەر ـ
ھات ـ شىرىن ھېكايىسىغا ئوخشاتقىنىغا مەس ـ
لىگى كەلگەن ھالدا كۈلۈپ كەتتى ـ دە ،
يېنىككىنە بىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

ـ ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك ئىكەنسەن ، ـ
دېدىم مەنمۇ ئۇھ تارتقان ھالدا قىزنىڭ
سىپتا قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ـ
ئۇنى پەرىشتە دېسەڭ دېگۈچىلىكى بار ، ساپ
دىل ، ئىشچان ، ئىچى ـ تېشى راستىنلا گۈ ـ
زەل بىر ۋاپادار جۈپقا ئېرىشىپسەن . ساڭا
ئەيتايىكى ، ئۇنىڭغا جېنىڭنى پىدا قىلساڭ
ئەرزىيدىكەن . ھەرگىز كۆڭلىنى ئاغرىتىپ
سالمىغىن، ئاداش !

قايتا ـ قايتا قىستىشىم بىلەن ئۇ ، ئۆزى ـ
نىڭ تۇرمۇش قۇرۇش تارىخىنى سۆزلەپ
بەردى :

ـ مەھەللىگە قايتىپ دېخانچىلىق ئىشلى ـ
رىغا قاتنىشىپ يۈرۈپ رەيھانگۇل بىلەن تو ـ
نۇشۇپ قالدىم . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىز
بىلەن بىر دۆيدە ئىدى . رەيھانگۇلمۇ گۇڭ ـ
شې ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ 7 ـ سىنىپىنى پۈت ـ
تۈرۈپ مەھەللىگە قايتقان ئىكەن . ئاتا ـ
ئانىسى ياخشى ئادەملەر بولسىمۇ ، لېكىن
ياشانغان ، قولىدا يوق دېيەرلىك ، بىر ئا ـ
كىسى بولۇپ ، بىكار تەلەپ ، لۈكچەك تەبى ـ
ئەتلىك ئادەم بولۇپ ئۆسكەن . ئۇ ، ئې ـ
تىز ـ ئېرىق ئىشىغا قاتنىشىپ ئائىلىسىنى
كۈتەكتە يوق ، ئەكسىچە قېرىلارنى قاخشى ـ
تىپ ، ئۇلارنىڭ بىساتىدىكىنى يەپ ـ ئىچىپ ،
ئويناپ تۈگىتىدىكەن ، ئۇ ھازىرمۇ بويتاق
يۈرۈپتۇ .

مەن رەيھاننى تۇنجى قېتىم ئېتىزدا كۆ ـ
رۈپلا ، ھۆسنى ـ جامالىغا مەھلىيا بولۇپ قال ـ
دىم . ئاشىقلىقنىڭ دەردى ـ پىراقى مېنى
خاپا قىلاتتى . كېيىن بارا ـ بارا ئۇنىڭ
كەلگۈسىدە بىر ۋاپادار ياخشى جۈپ بولۇپ

قالدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى ــ دە، بۇ يەر-
دىن چوڭ شەھەرلەرگە كېتىپ ئىش تېپىش،
جاھاننى سەيلە قىلىش ۋە ياكى چوڭ شە-
ھەرلەردىن خوتۇن تېپىپ، شەھەرلىك بو-
لۇپ قىلىش خىياللىرىغا خاتىمە بەردىم.
ئۇنىڭ كەينىدە كۈيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن يې-
زا يىگىتلىرىدىن 8 ـ 7 ى بار ئىكەن.
لېكىن، ھېچ قايسىغا كۆڭۈل بەرمەپتۇ. كۆ-
ڭۈل دىگەن شۇنداق نەرسە. تەقدىر ـ ئە-
رادە ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇشىنى نىسىپ قىل-
ماپتۇ، ئەيتاۋۇر، قىز ئاخىرى ماڭا كۆڭۈل
بەردى. بۇ ئىشنى ئاكىسى ئۇقۇپ، ئارىمىزغا
سېپىل سېلىشقا، ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىشىنى
توسۇپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مەيلىچە
رەيھانگۈلنى خوشنا يېزىدىكى ئۆزىگە ئوخ-
شاش بىر شاللاق، پۇللۇق يىگىتكە بەرمەك-
چى ئىكەن. چۈنكى ئاكىسى يىگىتتىن كۆرە،
ئۇنىڭ پۇلىغا خۇشتار بولغان ـ دە. لېكىن
رەيھانگۈل ئۇنى قەتئىي رەت قىلىپ، يېقىن
كەلتۈرمىدى. قىيىن شارائىت ئاستىدىمۇ پۇرسەت
تېپىپ ئۇچرىشىپ تۇردۇق. بارغانسىرى بىر-بى-
رىمىزگە بولغان مۇھەببەت چوڭقۇر يىلتىز
تارتىشقا، تېخىمۇ سەمىمىي ۋەسپىلىشىشقا باشلى-
دى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرگەن بىر قىسىم
يىگىتلەر ھەسەت قىلىپ خىرىس قىلىپمۇ باق-
تى، ھەتتا ئاكىسىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بىر
قانچىسى بىرلىشىپ، يول توسۇپ دۇمبالاشقان-
مۇ بولۇشتى. بۇنداق توسالغۇلار ئالدىدا
ئىككىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈ-
شىمىز كۈچايدىكى، ھەرگىز تەمتىرەپ قالمى-
دۇق.

كېيىنكى يىلى رەيھان ئۇشتۇمتۇت كېزىك
بولۇپ يېتىپ قالدى. ئاتا ـ ئانىسى قېرى،
قولى قىسقا، ھېلىقى ئاكىسى بولسا، ئۇ كېسەل
بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىنلا مەھەللىدىن غا-
يىپ بولادى. قىزنىڭ ھالى ھەقىقەتەنمۇ قې-
يىنچىلىق ئىچىدە قالغان ئىدى. مەن شۇ چاغ
تەمتىرەپ تۇرماي دەرھال ھىممەت كەمىرىمنى
بەلىمگە باغلىدىم. چىن مۇھەببەت دىگەن ئەنە
شۇنداق يەردە سىنىلىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا ۋا-
پادارلىقىمنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى.
قىزنى داۋالىتىشقا، كۈندە يوقلاپ ھالىدىن
خەۋەر ئېلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كىرىش-
تىم، ئىككىمىز ئارىسىدىكى بۇنداق سەمىمىي
مۇناسىۋەتتىن خەۋەر تاپقان دادۇي ئىتتى-
پاق ياچېيكىسى، دادۇي پارتىيە ياچېيكىسى بىز-
نى قىزغىن قوللىدى. ھەرخىل بولار ـ بول-
ماس ئۆسەك سۆز، توسالغۇلارغا قارشى تۇر-
دى. مەنمۇ مۇنداق قوللاشلارنىڭ
ھىمايىسى بىلەن قىزنى ئۆرۈمچى مىدىتسىنا ئىن-
ىستىتۇتىنىڭ دوختۇرخانىسىغىچىلىك ئېلىپ
بېرىپ داۋالاتتىم. ئۇ ئاخىرى ساقىيىپ ئەس-
لىگە كەلدى. ئىككىمىزنىڭ ئىشى مەھەللىگە ياخ-
شىلىق نامى بىلەن داستان بولدى. دادۇي
ئىتتىپاق ياچېيكىسى، دادۇي پارتىيە ياچېيكىسى
ئىككىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە ھەقىقى كۆيۈ-
نۈشتەك تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىمىزنى پۈتۈن دا-
دۇي ياشلىرى ئارىسىغا ئۈلگە تەرىقىسىدە
تونۇشتۇرۇپ، ياشلارنى مۇھەببەت، مېھرى-
شەپقەت، بىر ـ بىرىگە ۋاپادارلىق قىلىش
جەھەتتە ئۆگىنىشكە چاقىردى. ئەمدى قىزنىڭ
ئاكىسى ۋە قىزنىڭ تاماسىدا يۈرگەنلەرنىڭمۇ
چالىسى سۇغا چىلاشتى. ئۆتكەن يىل ئۇنىڭ
بىلەن توي قىلىۋالدىم. رەيھانگۈل ھازىر دادۇي
ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ تەشكىلى ھەيئىتى، پىلە
بېقىش تېخنىكى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بولسام،
مانا ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ھۈنەرۋەن ـ
رەسسامچى......

باغ ئىچىنى سۈكۈت قاپلىدى. پەقەت گىزا-
لىكتىن كېلىۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غو-

Altunoq

كۆلداشلىرى، ئېرىقتىكى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئەۋازى بۇ جىم - جىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

هوشۇرنىڭ ئېيتقانلىرى مېنى چوڭقۇر ئويلارغا سېلىپ، كۆڭلۈمنى بىر ئاز ئەزگەن ئىدى.

كەچتە، بۇ كۆڭۈللۈك ئەر - خوتۇنلار مېنىڭ شەرىپىم ئۈچۈن تەييارلىغان زىياپەت - مەشرەپ تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئۇلار مەن ئۈچۈن تولىمۇ جۇۋاپتۇ. يوغان بىر قوينى سويۇپ يېرىمىنى كاۋاپ، يېرىمىنى قويۇق-سۇيۇق ئاش ئۈچۈن ئىشلىتىپتۇ. پىۋا، هاراق-شاراپلارمۇ يېتەرلىك. ئولتۇرۇشقا گۇڭشې - دۈيلەرنىڭ رەهبەرلىرى، ياش يىگىت - قىزلار قاتناشقان ئىدى. ئولتۇرۇش باشلىنىش بىلەن هوشۇر مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. مەنمۇ بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن كۆپچىلىككە سالام بەردىم.

ئەتىسى هوشۇر ۋەدىسىگە ئاساسەن چۈشتىن بۇرۇن ماشىنامغا يېڭى رىسۇر سېلىپ مېنى دېگەن قارارىدا يولغا سالدى. شۇنچە يالۋۇرساممۇ پەقەت رىسۇر هەققىنىلا ئېلىپ، ئىش هەققىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— هوشۇر ئاداش، رەخمەت ساڭا! — دېدىم كېپىنكىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، كۆزلىرىدە بولسا ياش لىغىلداپ قالغان ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسىرلىك، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى قەلبىمدە چوڭقۇر جاي ئېلىپ، تۇرمۇش، ئائىلە هەققىدە ئاجايىپ يارقىن ۋە نازۇك تۇيغۇلارنى، شېرىن ئارزۇ - تىلەكلەرنى ئويغاتقان ئىدى. ئاندىن كۆزۈم بىردىنلا هوشۇرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن، گۈزەل - نۇرلۇق چېھرىسىنى كۈلكە قاپلىغان رەيھانگۈلگە چۈشتى. يۈرۈگۈم پۇلاڭلاپ چىرايىم قىزىرىپ كەتتى بولغاي:

— رەهمەت سىڭلىم، — دېدىم سەممىي بىر تىلەك بىلەن، — ئىككىڭلارنى تولىمۇ ئاۋارە قىلدىم. مەڭگۈ بەختلىك بولۇڭلار!


— سىلنى ياخشى مېهمان قىلالمىدۇق، — دېدى قىزمۇ كۈلگەن هالدا ياخشى كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ، — يول ئۈستى بولغاندىن كېيىن ئۆتۈپلا قالسىلا، چۈشۈپ كۆرۈشۈپ ماڭسىلا، بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇققان دەپتىكەن، بىزمۇ بارارمىز، تويلىرىغا ئەيتارلا!

— ئۇ شۇنى دەپ ساپ ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا هوشۇرنىڭ كۈلكىسىمۇ قوشۇلدى. ئاخىرىدا مېنىڭ خىجالەت ئارىلاش كۈلكەممۇ قوشۇلدى.

— شۇنداق بولامدىغان سىڭلىم، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلەرسىز توي قىلمايمەن، خەير-خوش!

مەن ماشىنىنى تېزدىن ئوت ئالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتىم. گەرچە ئۆزەم يولدا بولساممۇ كۆڭلۈم يەنىلا ئاشۇ بەختلىك ئەر - خوتۇن، بولۇپمۇ هېلىقى پەرىشتە سۈپەت رەيھانگۈلدە ئىدى. ئۇنىڭغا يانداپ بىر غەم قوشۇلدى. يەنى ئالدىدا كېلىۋاتقان تۇرمۇش - جۈپ غېمى، ماڭىمۇ ئەنە شۇنداق بىر ۋاپادار، پەزىلەتلىك قىز نېسىپ بولارمۇ؟……

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىز تېخى نى-نى ئىشلارنى قىلىمىز

(ھېكايە)

سەيىت زۇنۇن



گەرچە ئىككىنچى چىللە ئاخىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، غازاڭ-غۇزۇڭلار تۆكۈلگەندىن بۇيان يەر يۈزى ئاقارغىدەك قار ياغمىغاچ، ھاۋا يەنىلا ئىللىق ئىدى. ئاق يەرلىرىگە قۇم توشۇۋاتقان، بۇغداي تۆپىلاۋاتقان، ئېتىز بېشىغا قىغ دۆۋىلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى؛ مەھەللىدە ئاياللار، ئۇششاق باللارلا قېلىشقان ئىدى. باللار يا لەكپۇكچىنىڭ غالتىگىنى ئورىۋېلىپ بوزەك قىلىشاتتى؛ يا بولمىسا، چوڭ يولغا چىقىۋېلىپ، چۇقۇرىشىپ، قوغلىشىپ ئوينىشاتتى؛ بەزىبىر سۆزدەل چوكانلار بولسا ئاپتاپلىققا ئولتۇرۇپ تىكىچىلىك قىلغاچ مۇڭدىشاتتى. ئاۋازىنى قوڭغۇراقتەك قويىۋېتىپ كۈلۈشەتتى...... بىزدەكلە، - چۇ؟ بىزمۇ ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بەنت ئىدۇق. ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئۆگزىدىن سىرەجتا مىنىڭ دالىدىسىغا ئۆتىۋالاتتۇق - دە، سېرىق ئاپتاپنىڭ ئېغىزىنى چاققاچ غوزا تېشەتتۇق. بىزنى شامالمۇ تاپالمايتتى. مۇڭدىشىپ ھارمايتتۇق ھەم.

— ھوي دادىسى، ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئالىنىڭ ئانىسى گويا مېنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغاندەك تىكىلىپ قاراپ، — نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرىدىكەنلا، ھېزىمىنى قانداق قىلىمىز زادى؟ شۇنى بىر دېسىلە!

— ھېزىمنىڭ نېمە بوپتۇ؟ ئېقىپ چوڭ قىلىپ قويدۇم، تىرناققا قوندۇرغىدەك قىز ئېلىپ بەردىم، يەنە تۇرۇپتۇ، كەيسە مانا، پىيادە ماڭمايدۇ، قاپ يۈتمەيدۇ، ئېشەك ھارۋىسى دېسە بار، يەنە...

— توۋا، ما ئادەمنى! — بالىنىڭ ئانىسى گېپىمنى قاپ بەلدىن بۆلدى، — بىزنىڭ ياشلىقىمىزغۇ ئەتتىگىنىمىز كەچكە يەتمەي، چاپىنىمىز تىزدىن ئاشماي ئۆتكەنتى، ئەمدى ئۇنى قىيناپ نېمە قىلىمىز؟ خەقنىڭ بالىلىرى ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىشىۋېتىپتۇ، خوتۇنلىرى ئالا — يېشىل كىيىنىشىپ، ئالچاڭلاپ، "سەن ئەمەس مەن" دەپ يۈرۈيدۇ. بىچارە ھېزىمنىڭ نەرى ئۇلاردىن كەم!

— خوتۇن، ھازىرچە بۇ گەپنى تاختىمۇ بېشىغا ئەپ قويۇڭلا، چاھاننىڭ ئالدىرىغۇچىلىكى يوقتەك قىلىدۇ، كۆتىرە ئالغان يەرلىرىمىزنى بىر — ئىككى يىل تېرىپ يىغىلى نېسىپ قىلسا بولغىنى...

— نېسىپ بولمايدىغان ئىشلارمۇ بولارمۇ تېخى، ھوي، — بالىنىڭ ئانىسى سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى چاك كەتكەن قازاندەك جىخىلدايتتى. مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— بىلىسەڭلا، كادىرلارنىڭ ئايىغى سۈيۈلۈپ قالغىلى نەۋاخ، ئۇلارنىڭ ھېلى ناھىيىگە، ھېلى گۇڭشېغا مەجلىسكە چاپقىنى — چاپقان، كۆسۈرلىشىپلا يۈرۈيدۇ. توي — تۆكۈن، نەزىرە — چىراق، بازار — كوچىلاردا بولىۋاتقان ھەر خىل گەپلەر كىشىنىڭ قورقىسىنى كەلتۈرىدۇ. ھەي، ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، بىر ئەتتىگىدىلا يەرلەرنى...

— جۆيلىمەي ئولتۇرۇڭلا! — ئۇلۇق — كىچىك تىندى بالىنىڭ ئانىسى، — ئادەمنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىققىنىش جۇمۇ...

— مېنىڭ ئاغزىم خان ئاغزى ئەمەس، خوتۇن، خانىنىڭ ئاغزى بولسا مايلاق كېلەمش. ئۇلۇشكىزنى غوجەك شۇجى ئىنىسى بىلەن گەپ تالىشىپ قالغاندا، "سەنمۇ ئالدىرىماي تۇر، چاڭگىلىمىزغا چۈشىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاز قالدى" دەپتۇ. "ئالتۇن قوزۇق"① قولدىن كەتسە، چاڭگالغا چۈشمەكتىن باشقا چارە يوق...

دەيدىغانلىرىم تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. بالىنىڭ ئانىسى دىقماق ۋە لېكىن ئورۇق بارماقلىرى بىلەن يوتامدىن نوقۇپ:

— ئاياقتىن ناغرا ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ، بۇ نېمە گەپتۇ؟ — دېدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە باقتىم. راست دېگەندەك، كەنتىمىزنىڭ ئۇ چېتىدىن شادىيانىغا چېلىنىۋاتقان ناغرا — سۇناي ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. قول تىراكتورنىڭ "بوت — بوت" قىلغان قوپال ئاۋازىمۇ ياڭراش ئىدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ سورىدىم:

— ھوي خوتۇن، ھېلىقى چەچۈن نەدىرەكتى؟

— قازناقتا، نېمە قىلىسىلە؟

— ناغرا — سۇنايچىلار چەچۈن يىغقىلى كېلىدۇ، بېرىۋېتەي دەيمەن.

— ھىم...

چەچۈن ئالغان قاپاق قازناقنىڭ بۇلۇڭىدا، ئەسكى — تۈسكىلەرنىڭ تېگىدە قالغان ئىكەن. ئۇنى بوشۇتۇپ ئالغىچە "چەچۈن" چىلار بوسۇغىمىزدىلا پەيدا بولدى.

— ئاتا — بوۋىمىزنىڭ روھى، ياخشى كۆڭلىمىزنىڭ بەركاتى ئۈچۈن، ھېزىمنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا ئېلىشنى ئۇنتۇماڭلار، — دېدى ھەمرىيىم جىكىلەپ.

— كادىرلارنىڭ ئىنساۋىنىمۇ تىلىمەكچى، — دېدىمەن قاپاقنى قولتۇغۇمغا قىستۇرۇۋېتىپ.

مەن ئۆزلۈك ئاماندىن بۆلۈپ قويغان چەچ—

① دېھقانلار يەرنى ‹‹ئالتۇن قوزۇق›› دەپ ئاتايدۇ.

ۋىننى شەيخلەرگە بېرىپ دۇئا ئالماقچى، ئىمتـ
ساپ تىلىمەكچى ئىدىم. بىراق ئۇلار قېنى؟
ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا كۆرۈنمەيتتى. بىردۈۋـ
لەك ئۇششاق بالىلار ناغرا ـ سۇناي ناۋاسىغا
ئەگىشىپ، چۇقۇرۇشۇپ، تىراكتور ئىسرىسىدىن
قوغلاپ كېتىشمۇۋاتاتتى. ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىمدا،
مەھەللىمىزدىن ئىككى ئاپال تاغار يۈدۈپ كېـ
لىپ قالدى. ئۇلارمۇ بالىلار ياققا يول ئالـ
غان ئىدى.

— نەگە مېڭىشلا؟ — سورىدىم مەن ھەجەرـ
خان ئاتلىق بىرسىدىن، — چەچۈنچىنىڭ ئارـ
قىسىدىنمۇ — يە؟

— چەچۈنچى نەدىكەن؟ — ياندۇرۇپ سوـ
رىدى ئۇ ھەيران بولغان ھالدا.

— ئالدىڭلىدا ناغرا — سۇنايلىرىنى ياڭـ
رىتىپ ئۆتۈپ كەتتىغۇ؟...

— ھى ... ھى ...، چۇشلىرىڭگە كىـ
رىپ قاپتۇ، باقىلا. ئۇلار كەمۈز چىقىرىدىغانـ
لار ئىكەن، ناغرا — سۇنايلىرى ئىشتەي نەغـ
مىسىمىش.

— نىمە — نىمە؟ ئۇكامەي، راستىمۇ شۇ
گەپمىڭ؟ ئەستەغپۇرۇللا، نىمە دەيدۇ بۇ شەيـ
تانلار...

مەن ئۇزۇن قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالغان ئىـ
دىم. چوكانلار قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى يىراقلاپ
كېتىشۋاتاتتى. مېنى ئۇلارنىڭ غەلىتى گەپلىرى
گاڭگىرىتىپ قويدى — دە. قاپاقنى بوسۇغىدىلا
قويۇپ، چوكانلارنىڭ ئىزىغا چۈشتۈم.

× × ×

مەھەللىمىز ناھىيە بازىرىدىن توقسان، گۇڭشـ
ېدىن ئەللىك چاقىرىم يىراقلىقتا بولغىنىغا
باقماي خېلىلا كۆچۈم ئىدى. ئۇ يەردىن گەز
دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ئېقىپ ئۆتەتتى. ئېـ
قىن بويىدا بولسا، يۈز يىلدىن بۇيان قەدـ
دىنى پۈكمەي تۇرغان ياسىداق بىرئازنە مەسـ
چىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى سەينا بىزنىڭ
بازىرىمىز، ھەم تاماشاگاھىمىز ئىدى. تىراكـ
تور توپ-ۇ — توغرا ئەنە شۇ سەينادا توختىـ
دى، ناغرا — سۇناي ئاۋازى ئەۋجىگە چىقـ
تى ...

ناغرىچى يىگىت يىگىرمە ئۈچ — يىگىرمە
تۆتلەردە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قولى كىيىم
تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنە چوكىسىدەك تىنىم
تاپماي تېز ھەركەتلىنەتتى؛ قاپ — قارا شاپ
بۇرۇتىنى بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئايرىۋالـ
غان، قىرقىما ساقال، جاغال كۆز كەلگەن سۇـ
نايچى بولسا، ئۇنىڭدىن كېيى ئون ياش چوڭـ
دەك قىلاتتى. ئۇ، قوڭۇر يۈزلىرىنى قىزارتىپ،
قوۋۇز بويۇنلىرىنى پۈدىگەندەك كۆپتۈرۈپ،
سۇنىيىنى ساما ئۇسۇلىغا يۆتكىۋېدى، ئېسىرى
بار چوكانلار باشلىرىنى ئىككى دولىسىغا تاشلاپ،
پۇت — قوللىرىنى دولا ھەركىتىگە تەڭكەش
قىلىپ، ساماغا چۈشۈپ كېتىشتى.

»بىزنىڭ چوكانلارنى ئۇسۇلغا سېلىۋاتقانـ
لار قانداق مەخلۇقلاردۇ؟ سېھىرىگەر كۆز بويىـ
مىچىلارمىدۇ- يە؟!...« مەن شۇ ۋەھىمىلىنىۋاتاتـ
تىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بېشىمدا شەيخكە لايىق
سەللىسى، يا پاختا بىلەن چىگىتىنى ئايرىيدىـ
دىغان چىغرىغى چېلىقمايتتى. تىت — تىت بولـ
غانلىقىدىن ئۇششاق بالىلارنى ئۇيان — بۇيان
ئىتتىرىۋېتىپ، تىراكتورنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈم —
دە، ماتور بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان بىرسىدىن
سورىدىم:

— نىمە ئادەم سىلە؟

ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ، تىراكتور كوزىپىنىڭ
ئالدىچاززىسىغا تارتىپ قويۇلغان قىزىل شەلـ
پەرنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا ئالتۇندەك سېرىق
پارقىراق رەڭدە يېزىلغان تۆت قۇر خەت تۇـ
راتتى. مەن ئۇنى ئوقۇيالايتتىمۇ؟ كۆزۈمنى
پاقىرىتىپ تىراكتورچىغا گۈلەيدىم. ئۇ كۈلۈپ

تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى. دېمەك، ئۇمۇ قارا تۇرۇككەن — دە! خۇداغا شۈكۈر، شۇ ئەسنادا تۇرغان بىرسى ئاۋازىنى قويۇۋەتتى:

”كېۋەز چىقىرىمىز ئەرزان.
بولماڭلار ھەرگىز دەر گۇمان.
تالاشمايمىز نەرقى — ناۋا،
ساقلاتمايمىز ھەم بى قارار.“

بۇ بىر كۆپلەت قوشاق بۇزۇلغان خىيالىمغا ھاي بېرىپ، ئىشەنچىمگە يانتاياق بولۇۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى يېرىم ئىدى.

— ئۇكامەي، كېۋەزنى نېمىدە چىقىرىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم ھېلىقى ماتور بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان بالىدىن ئاخىر، — ئۈزۈلمىگە ئېلىپ كېتىپ چىقىرىپ بېرەمسىلە — يا؟

— ئا... ئا... ئا... — ئۇ تىراكتور كوزۇپىنى كۆرسىتىپ قولىنى پۇلاڭلاتتى ۋە پىشىدىن تارتقان پېتى كوزۇپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغان يېشىل سىرلىق ساندۇقنى كۆرسەتتى،— ئا... ئا... ئا...

شۇ ئەسنادا شاپ بۇرۇت سۇنىيىنى توختاتتى ۋە بىر چەتتە تاغارلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان ئايالارغا قاراپ دېدى:

— ئەمىسە ئەپكېلىڭلا! ئاز-كۆپ دېمەيمىز، ھەممىسىنى چىقىرىپ بېرىمىز، ئېشىپ قالمايسىلە، ئۆچرەت تالاشماڭلا!

— مانا، — ھەجەرخان تاغارىنى سۆرەپ كەلدى، — ھەممىسى ئۈچ چارەك، چىگىتىگە چىقىرىپ بەرسىلە.

— بولىدۇ، سىڭلىم، چىگىتىنىڭ يېرىمى سىلىگە قالسىمۇ مەيلى...

— ئازغىنا نەرسىنى نەدە قويىمەن، ھەممىسىنى ئالسىلا ئۇستام.

— ......

ئىككى ھاجەتمەن سۆزلەشكىچە ئارىلىقتا ناغرىچى يىگىت راسلا سېھىرگەردەك ھېلىقى يېشىل سىرلىق ساندۇقنى تۇتۇپلا شالىلىرىنى تۆت پارچە قىلىپ كوزۇپقا يۆلەپ قويدى. ساندۇق ئىچىدىن چوڭلا بىر ماشىنا چىقتى. بۇ، كېۋەز چىقىرىش ماشىنىسىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇ، كوزۇپقا ئالغىلىمۇ، سالغىلىمۇ بولىدىغان، ئىشلەتكەندە قىمىرلىمايدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. تىراكتورچى يىگىت مايمۇندەك ئۇ ياققا بىر، بۇ ياققا بىر تاقلاپلا تىراكتور ماتورىدىكى ئايلانما چاق بىلەن كېۋەز چىقىرىش ماشىنىسىنى ئۇزۇن بىر رېمەن ئارقىلىق تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، ماتورنى ئوت ئالدۇردى، كوزۇپ ئۈستىدىكى ماشىنا گۈپۈلدەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. چىگىت بىر چەپتە، پاختا يەنە بىر خالتىغا تۆرەل سۇدەك ئاقتى...

” راست، قالتىسكەن بولار، ئەمما... “ ئەندى مەندە باشقا بىر سوئال تۇغۇلۇۋاتاتتى. سوراي دېسەم، ئۇستىلار چوكانلاردىن ئاشىدىغاندەك قىلمايتتى؛ سورىماي دېسەم، سۈزۈك سۇدىكى بېلىقتەك پىلتىڭلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان قەلبىم يول قويمايۋاتاتتى. قانداق قىلارىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قالدى: شاپ بۇرۇت ئىشلار يۈرۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماشىنىنى ئىككى ھەمرايىغا تاشلاپ بېرىپ، تىراكتوردىن ئايرىلدى — دە، كۆل بويىغا كېلىپ، زوڭزايغىنچە تاماكۇ ئوراشقا تۇتۇندى. مەن خىيالىمدىن كەچكەننى سوراۋەردىم:

— ئاتلىرى نىمە؟

— روزى قازى.

— قايسى پاختا زاۋۇتىدا ئىشلەيلا؟

— يوقسۇ، دېخان بىز.

— ئۈچىلىگىلا دېخانمۇ؟

— شۇنداق تاغا. ئۇلار ئىككىسى ئېنىسم بولىدۇ، تىراكتورچىسى گاچا.

— ھەي بىچارە، شۇڭا بايىزە... خەپ، نىمە چارە، ئۇكام، تىراكتور – ماشىنا ئۆزۈڭلەرنىڭمۇ؟

— ئۆزىمىزنىڭ، ھەممىسىنى شەخسى سېتىۋالغان.

— چېغىمدا، داداڭلار باي ئۆتكەن ئادەمكەن – دە!

— نەدىكىنى؟ دادام رەھمەتلىك ئالەمدىن ئۆتكىلى ئونبەش يىل بولدى. ئۇ ششۇ قىلار كۆكتاشقا مىنگەن، يېخشىلىق ئەزرائىلىنىڭ بازىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋاتقان چاغلار ئىدى. تۇققانلار يىغىش قىلىپ دادامنى مىلك تەستە يەرلىگەندە قويۇۋالدۇق. بالىنىڭ چوڭى مەن ئىدىم، ئانام شۇ دەپتى مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان، ئاغزىغا سېلىۋاتقان نانىنى بىراۋ تارتىۋالسا قاراپ تۇرىدىغان يۇۋاش-يۇمشاق مەزلۇم ئىدى. ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە ئامال بولمىدى، ئاخىرى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئائىلە – تۇرمۇش مەكتىپىگە قايتتىم! ئۇنىڭدىن كېيىنكى شامال تۇتۇپ يەپ، يەلكىسىرىپ يۈرگەن كۈنلەرنى دېمەيلا قوياي، ھېلىمۇ بەختىمىز بار ئىكەن، ئۆلەپتىكەندىن، پارتىيە دۆشىنەلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، دوستلارنى كۈلدۈردى. سىلىمۇ كۈلدىلە، مەنمۇ كۈلدۈم، شۇنداقمۇ تاغا؟ ئەما، ئۇ، كۈلكىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەن، ئەسلى كۈلكە چوڭ كۆتىرىدىن باشلاندى. مەن شۇ يىلى 25 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئون ئۈچ مورىنى كېۋەز تېرىدىم، بىراقلا بىلىم روشەنلىشىپ قالدى. ئىككى يىل شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆتكەن يىلغا كەلگەندە مانا ئۇ تىراكتورنى سېتىۋالدىم...

— ئۇلار بىر نىمە دېمىدىمۇ؟

— كىملەر؟

— كادىرلارنى دەيمەن.

— ھەممىسى كادىر دېيىلگىنى بىلەن، قوسىقى دەريادەكلەرمۇ، پەست ئۈچەيلىرىدەۇ بار ئىكەن. كېيىنكىلىرى گەپ قىلمىدى دەمىلا؟ تۇنجى يىلى كېۋەزنىڭ كۆتىرە مەھسۇلاتىنى بىر قاتلىۋىدىم، دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاپ، چوتلىرىنى شاراقلىتىپ، " كۆتىرە ئاز بولۇپ قاپتۇ، ئۆستۈرىمىز " دېيىشتى. مەن زادىلا ئۇنۇمىدىم.

— ئۇنىمىغانغا بولامدىكەن؟

— بولىماي، ئۇنىڭمۇ چوڭى بار ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ چوڭىنى تېپىپ داۋايىمنى ئاقتۇردۇم.

— قالتىس يۈرەكلىككەنلا ئۇكام...

— يۈرەك دېگەن بىر پارچە گۆش دېسىلە، ئۇنىڭغا مەدەت بەرگىنى مەركەزنىڭ سىياسىتى، ئالايلى، تىراكتورنى سېتىۋېلىپ، يېرىم يىلدىن كېيىن كېۋەز چېقىرىش ماشىنىسى، سوتكىسىغا 20 تاغار بۇغداينى يېقىتەلەيدىغان ئۇن زاۋۇتىدىن بىرنى سېتىۋېلىۋىدىم، بەزىلەرنىڭ ئىچى ئاداپ قىلمىغىنى قالمىدى. ئۇلار پۇلنى ھالالدىن تاپقانلىقىمنى بىلمەيتتىمۇ؟ تازا ئوبدان بىلەتتى. كەچكىچە ئىشلەپ، ھېرىپ – ئېچىپ تۇرغىنىمدا، " گۆش – ھارىغىنىڭ بارمۇ؟» دەپ كېلەتتى – تېخى. ۋاقتى كېلىۋىدى: " قاراڭىزۇ بازارچىلىق قىلدىڭ، باج ئوغۇرلىدىڭ، كوللېكتىپ بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتىسەن، دىخانچىلىقنى تاشلاپ باشقا ئوقەت قىلىشىڭغا، سورىماي بىر يەرگە بېرىشىڭغا ئەمدى روخسەت يوق. ماشىنا – تىراكتورنى دۆلەتكە تاپشۇر... » دەپ قويۇشتى. مەن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايتتىممۇ؟ مېنىڭدە يېتەرلىك ئاساس بار ئىدى. راستىنى ئېيتسام، مەركەز 1982–يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىرغان مەملىكەتلىك يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ

هۆججەتلىرى بېسىلغان گېزىتنى ساقلاپ قويـ
غان ئىدىم. ھەممىنى يېپىپ قويـدۇم، ئـۇلار
غەپپىدە تىكىۋېتىشتى.

— ھا... ھا... تازىمۇ جايىلاپلا، قاـ
رىسىلا ئۇكام، گېزىتلەردە نىمە دەپتىكەن؟

— مانا بۇنىڭدا بار، ھەممىسى يېزىلغان.
بولىسىمۇ، بىرنى بىرەي، ئوقۇتۇپ ئاڭلىسىلا،
بولامدۇ، تاغا؟ مەن بۇنى گېزىتتىن ئەينەن
كۆچۈرۈپ شۇ پىكىراپتا كۆپەيتىۋالدىم، يانـ
چۇقۇمدا تۇرىدۇ. بۇ — بىز دېھقانلارنىڭ رىسالە
سى دىسىمۇ. ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۆمىنلەرگىـ
مۇ كۆپ بەردىم.

— رەھمەت! ئاھا، ئائىلەمىزدە "ئا — ب"
دىيەلەيدىغانلار تـۆرەلمەپتىكەن، قانـداق
قىلارمەن؟...

— بالىلارنى ئوقۇتمىغانمۇ؟

— شۇنىڭ كاساپىتى.

— يامان قىپتىكەنلا، تاغا، بوپتۇ بولمىسا
نان تېگىدىغان يېرىدىن ئازراق ئـوقۇپ بېـ
رەي: دېھقانلار بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىـ
پىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاشقان
مەھسۇلاتى ئارقىلىق سېتىۋېلىش-سېتىش كەسپى
بىلەن شۇغۇللانسا، ئۆزىنىڭ يوللۇق كىرىمى شىلىك
قىلسا، ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىشىپ يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى، تىرانىسپورت قورالـ
لىرى سېتىۋالسا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىـ
غا ئىش قوشۇش كەسپىنى يولغا قويسا بوـ
لىدۇ. بۇ — ئۆتكەن يىللىقى سىياسەت ئىدى.
يېقىندا، مەركەز يەنە بىز دېھقانلارنى
كەسپى ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلەرنى كۆپلەپ
قۇرۇپ، ساناتەت. تۆرلۈك مۇلازىمەت كەسپـ
لىرى بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللىنىشقا چاقىردى...

— روزى قازى ئۇكام، ھەممىسى ئالتۇنـ
دەك ئېسىل گەپلەر ئىكەن، ئىچىمگە خوشلۇق
پاتمايۋاتىدۇ، بـۇ گەپچە دېھقانلارغا يەنە
ئامەت قۇشى قونامدۇ — نىمە؟

— راس ئېيتىلا، باقىلا. زامانىمىزغا كـۆز
تەگمىسۇن، ئامەت قۇشى قولىمىزغا قـونـاي
دەپلا قالدى. بىز ئىشنى ئەمدىلا باشلىدۇق،
بىرىنچىدىن قانۇندىن تايانساق، ئىككىنچىـ
دىن، سىياسەتتە قايىمساقلا بىز تېخى نى — نى
ئىشلارنى قىلىمىز.

— شۇنداق، بىز تېخى نى — نى ئىشلارنى
قىلغۇدەكمىز! ئەمما، يېزىمىزنىڭ چـوڭ بىـر
كادىرى بۇرناكۇنى " ئەمدى بەس، ئوقەتلىرىڭـ
لارنى يىغىشتۇرۇڭلار، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
تاپقان پۇلۇڭلارمۇ يېتەر، دېخان — دېخاندەك
بولغىنى ياخشى، پۇلنى كۆپ تېپىپ ئەزگۈچى
بولۇپ قالساڭلا، تاناۋىڭلار تارتىلىپ قالىدۇ"
دەپتىكەن، قورقۇپ، يىلىڭىتىۋشلا بولىـۋالاي
دىگەنتىم. ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايمەن.
مېنى بىر يولغا باشلىسىلا ئـۇكام، ئۆيۈمدە
بەرجەس ئەمگەكچىدىن تۆتى بار، ئـۇچى دېـ
خانچىلىق، ئۆي ئىشلىرىغا يېتىپ ئاشىدۇ، بىـ
رىنى ئوقەتكە سالسام بولغىدەك، نىمىش قىلـ
سا بولار؟

— ئوغۇلۇ — قىزمۇ؟

— ئوغۇل، بۇ يىل سەپەر قوشنىسىدا يىـ
گىرمە ئالتىگە كىرىپ سەل ئاشتى.

— قانچىلىك پۇل بار؟

— ئازغىنە، كەم مىڭ كوي.

— سىلىنىڭ بۇ يەردە كېۋەز كۆپ تېرىـ
لامدۇ؟

— گۈشكى بويىچە ھەممىدىن كۆپ.

— ئۇنداق بولسا، ھازىرچە بىزنىڭكىدەك
كېۋەز چىقىرىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋېـ
لىپ، ھۆيلىدىمۇ ياكى چوڭراق ئۆيىگەمۇ قوـ
رۇپ بەرسىلە، ھېچقانچە پۇل كەتمەيدۇ.

— تىراكتور بىرلا مىسىمۇ ماشىدۇرغىلى بوـ
لامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



— بولدۇ، بىز بۇنى ئۆزىمىز ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ، ئىراكتۇردىن پايدىلانغىدەك قىلىۋالغان. سىلە سەنەركە ياقىدىغان كىچىك ماتۇردىن بىرنى سېتىۋالسىلا ۋەسسالام، مايىنىڭ كارى چاغلىق.

— زىيان چىقمىسىغۇ مەيلى، كۆزۈم قورقىۋاتىدۇ.

— ياقەي، ماشىنىنى بۇزۇپ قويمىسا، ئىش توختاپ قالمىسا، بىر-ئىككى ئايدىلا ھەممە دەسمىيىنى تۆلەپ بولىدۇ. ئالايلى، بىز بىر كۈز-بىر قىش سەييارە كېۋەز چىقىرىپ، مىلىك بەشيۈز چارەك چىگىت كىرىم قىلدۇق، چارىگىنى ئىككى كويدىن سېتىۋاتىمىز. ھېساۋلاپ باقىملا، ھەممىسى نەچچە پۇل بولىدىكەن؟ گەپ سۆزسىز ئۈچ مىڭ كوي دىگەن گەپ. دىرىنى تۆلەپ، ساپ پايدا يېرىمىدىن ئاشمىسا ھېساپ ئەمەس.

— ئۇھوي، قالتىس ھۈنەركەن، بۇ. شۇغىنىسى ئۆيلىرى يىقىنراق بولسىمۇ ئۆگىنىپ قويىدىكەنلا.

— يامانىيا دىگەن ئىشەدىلا، پىيادىغا يېرىم كۈنلۈك، ئاتلىققا ئىككى سائەتلىكلا يول. پالانى كۈنى كەل دىسىلە، شۇ چاغدا كېلىپ يارىدەم قولۇمنى سۇنىمەن. بولسا ماشىنا-ئۈسكىنىلەرنىمۇ مەن ئېلىشىپ بېرەي، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئۆگىتىپ قويسامۇ مەيلى، بىر فۇڭ ھەق تەلەپ قىلمايمەن...

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت! ئەمما، ھەق بەرمىسەكمۇ بولماس.

— ئۇنداق دىسىلە رەنجىپ قالىمەن، ئاغا. بىز دىخانلار ئورتاق بېيىش يولىدا ئۆز ئارا ھەمكارلاشساق نەمە بوپتۇ؟ بىز ئۇقتىمىزنى مۇشۇ يەردىلا توختىتايلى، قالغان كېۋەز سىلىنىڭ چىقىرىشلىرىغا قالسۇن. خەير، شۇنداق بولسۇن، مەن كىلەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبىسى، يەنى، باھار بايرىمىنىڭ ئۇنجى كۈنى كېلەي. گەپلىرىدىن يېنىۋالمىسىلا ھە؟ قۇلاقلىرىدا تۇرسۇن: بىز تېخى بۇ كەڭ زىمىندا نى-نى ئىشلارنى قىلمىدىمىز!

× × ×

ھۆرمەتلىك كىتاپخان، «بىز تېخى نى-نى ئىشلارنى قىلمىدىمىز» نىڭ قەھرىمانى — مىڭ يىللاپ ئوغاق، كەتمەنگە بېقىنىپ، روھ-ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ، سەۋرى قاچىسىنى شۈكرى زەمزەملىرىگە تولدۇرۇپ مىسكىن ئۆتكەن دىخان ئەۋلادى؛ بۈگۈن، پەقەتلا بۈگۈن يېزىدىمۇ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىۋاتقان يېڭىچە دىخان ۋەكىلى — روزى قازى شۇنداق دىدى-يۇ، ناغرا-سۇنايلىرىنى ياڭرىتىپ ئەھلى-جامائەت بىلەن خوشلاشتى. ئۇ، كەتتى، ئۆز يۇرتى — رابىيە-سەئىدىنىڭ ماكانى يامانيارغا كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ خىتاۋى بىز بىلەن قالدى: «دىخان قېرىنداشلار، جۈرئەتلىك بولۇڭلار، بىز تېخى ئىككى بىلىگىمىزگە تايىنىپ، بۇ كەڭ زىمىندا نى-نى ئىشلارنى قىلمىدۇق، چوقۇم قىلالايمىز!» توغرا، ئۇزۇنغا قالماي، يېزىلىرىمىزدا قەۋەت-قەۋەت سودا سارايلىرى، ھەر خىل ئامبارلار، زاۋۇت-كارخانا بىنالىرى بوي تارتىدۇ؛ رەڭگارەڭ، چوڭ-كىچىك كوڭكۋايلار يېزا يوللىرىغا سىغماي قېلىشىدۇ... ئۇ چاغدا، ئاي-ھاي...

1984-يىل، باھار بايرىمى. قەشقەر.

# لىرىكا لەۋھەلىرى

تۇردى سامساق

## مۇھەببەت ھەققىدە

"مۇھەببەت ھەققىدە ياشلار يازسۇن…» دەر،
ياشانغان بىر خوشنام، – شائىر سۆھبەتچىم.
بۇ سۆزنى ئۇققاندىن تا – ھازىر قەدەر،
ئويلانسام، نىچۈنكى ئۆرتىنەر ئىچىم.

تەھقىقكى، بىلسەڭ ساستا سۇ قەدرى،
ھاجىتى كۆپ بولماس گۈلنىڭ ھەم باغدا.
ھەرنىكى بىلىنەر قەدرى – قىممىتى،
ۋايىدا، – سەن ئۇنى چۈشەنگەن چاغدا.

قىرلار يەتمىسە سۇيىگۇ قەدرىگە،
يادلارمۇ ياشلىقنى شۇنچە كۆپ قىتىم؟…
گەر بىلسە بەگۋاشلار مۇھەببەت نىمە،
بولارمۇ ئۆي ۋەيران، باللار يىتىم؟

ياشلارنىڭ بەرىنى خام ئويلىماسەن،
ئۇنداقچە ئويلاش ھەم گۇنادەك خاتا.
باستۇن باھاسىنى نىچۈن بىلمەسمەن،
پەرقلىنىپ تۇرغاندا پايتىمىلىق ماتا؟…

قىرلىق…
بىل ئىشىق دۈشمىنى ئەمەس،
بەلكى ئۇ مۇھەببەت قەدرىنىڭ دوستى.
ئەي شائىر!… ئۆلگەندۇ ئىشتىياق، ھەۋەس،
كۆڭلۈڭنىڭ كۆزىنى نىمىلەر توستى؟!…

بەس، ئەمدى خورەكلەپ ئۇخلىسۇن، مەيلى
كۆڭلىدىن مۇھەببەت زوقى ئۆلگەنلەر.
بىز ھايات بىغىنى ئاۋات ئىتەيلى،
ئىنجادۇ– ئەمگەكتىن بەختى كۈلگەنلەر.

## مۇھەببىتىڭ مەن ئۇچۈن بايرام

ئىشقا كەتتىڭ ئالدىراپ ئاخشام،
ئازاپلاندىم ئۇخلالماي ئۇزاق.
باغرىدىكى ھارارەت بەردىن،
كۆچ ئالغاندەك يالتىرار چىراق…

سەھەر كەلدىڭ ساق ۋە سالامەت،
خۇش خۇلقىڭدىن ياغدۇرۇپ ئارام.
چۈنكى، ئۆمرۈڭ ئۆمرۈمگە ئامەت،
مۇھەببىتىڭ مەن ئۇچۈن بايرام.

## كاككۇك كۈلكىسى

دەرىزەمدە ئاينىڭ جىلۋىسى،
ئەينەك چېكىپ ئەركىلەيدۇ تال.
ئاڭلانماقتا كاككۇك كۈلكىسى،
ئويلار سۈرۈپ ئولتۇرسام شۇھال.

ئويلىرىممۇ ئويمانغا كەتتى،
ئەشۇ ئاخشام ئەسكە يېتكەندە.
كاككۇك كۈلگەن، بىزمۇ كۈلگەنىدۇق،
سەن ئوقۇشقا ئۇزاپ كەتكەندە؟...

دەرىزەمدە ئاينىڭ جىلۋىسى،
ئەينەك چېكىپ ئەركىلەيدۇ تال.
ئاڭلانماقتا كاككۇك كۈلكىسى،
قولدا خېتىڭ، مەن چەكسىز خۇشال.

## ئۆستەڭ بويىدا

ئولتۇرىمەن ئۆستەڭ بويىدا،
ئويناق سۇغا زوق بىلەن قاراپ.
ئۆركەشلىرى گويا كى گىدرو ①
تەنلىرىمگە توكلىرى تاراپ.

تەلپۈرىسەن تېز كېتەر شوخ سۇ،
ھېچ پەرۋاسىز ئۇچقۇر ۋە ئىلدام.
خوش خۇلقىدىن تومۇرغا تۇيغۇ
ۋە باغرىمغا تولدۇرۇپ ئىلھام.

ئاققان سۇ يا ئاتقان ئوق،— دەرلەر،
ئۆتكەن ئۆمۈر، ھەر بىر پۇرسەتنى.
مەن ئۆمرۈمنى ئىنجاتقا ئوراپ،
خەتلەپ قوياي ئۆچمەس ھۆججەتنى.

## گۈل ئىشقىدا

گۈل خۇمارى خەلقىم ئۆستۈرەر،
باغ، ھويلا ھەم ئۆيلەرگىمۇ گۈل.
ھەتتا ئەرلەر گۈل قىسىپ يۈرەر،
قۇلىقىدا قىزلارنىڭ سۇمبۇل.

گۈل ئاشىقى بۇ خەلقنى كۆرسەڭ،
يۈرگەن يېرى، ھەتتا يولى گۈل.
سۆزلىرىگە زېھنىڭنى بەرسەڭ،
ئەپچىللەرنى دەيدۇ "قولى گۈل".

گۈلنىڭ ئىشقى روھغا سىڭگەن،
ھەتتا قىزلار ناملىرىمۇ گۈل.
گۈللىرىدىن ئۆرنەكلەر بەرگەن،
گىلەملىرى، تاملىرىمۇ گۈل.

گۈل ئىشقىدا ئۆسكەچ بۇ ئەۋلات،
خۇلقى گويا ئوخشار بۇلبۇلغا.
شۇڭا خۇشتار ھەممە — ھەممىسى،
ناخشا — ناۋا، نەغمە، ئۇسسۇلغا.

بويلىرى گۈل، قوللىرى گۈل،
بۇ ئەل ئامراق خۇررام يۈرۈشكە.
شۇڭا بەرى ئىشقىنى بەرگەن،
ئانا يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە.

گۈل مۇسەللەس ئەلنىڭ ئوغلىمەن،
شۇڭا شاتمەن ئەتە ۋە ئاخشام.
ئىنجا دىلنى گۈلگە ئورايمەن،
ئۆز نەسلىگە ئوخشىسۇن ناخشام.

1983 - يىل

① گىدرو — سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى

# غەزەللەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

1

كۆزۈڭ ئىشىق گۆھەرى غەزنە، ئۆلۈم جەللادى قاشىڭدا،
لېۋىڭ گۈل شەرۋەتى چەشمە، چېچىڭ زەنجىرى باشىڭدا.
يۈزۈڭ دىلگە ئۈمىت ياققان ۋىسال ئاسماندا خۇرشىد،
ئۇچار قۇش ئەھلى ئاۋ بولغاي سۇلايماندەك قاراشىڭدا.
قىيا باقساڭ مەگەر ناز جادۇسىدىن جەڭ ئاچار ئىستەپ،
بولۇر قان غەرقى ئون سەككىز مىڭ جاھان ئون سەككىز ياشىڭدا.
شاپائەت ئەيلىسەڭ دەنا سۇپەت ئىرپاننى شەرھىيلەپ،
يېشىلگەي ئەقلىي تىلسىم لەھەل لەب ئۈنچە تاشىڭدا.
مەگەر يەشسەڭ قۇمرغا بەند ئېتىلگەن دىۋە ساچىڭنى،
جاھاننى قاپلىغاي تۈن پەردىسى بىر ساچ تاراشىڭدا.
چېچىڭنى جەم قىلىپ قىسساڭ ئۇڭا گۈل ـ غۇنچە رەنانى،
كېتىپ تۈن، تاڭ شەپەق قاپلار ئۇپۇقنى تەڭ قاياشىڭدا.
ۋىسالىڭ ئىستىگىنى قىلمىغان شەيدايى ھەرگىز يىر،
نە ئارمان لەبلىرىڭدىن مەي ئىچىپ جان ئۈزسە قاشىڭدا.

1957 - يىل، ئۈرۈمچى.

2

ئەسىر ئېتەر ھەر كىمنى بەتلەپ ئوقنى كىرپىك قاشىدا،
تەڭرى قىلدى كۆزنى ئىشىق جادۇسى نەققاشىدا.
بېزىسە گۈل ھۆسنىنى سۇبھى شەپەق رەڭگى بىلەن،
قېلدىكي تۈندىن قارا ئىككىنچى ئاسمان ساچىدا.

لەۋلىرى گۈلنازىنىڭ مەي چەشمىسى مىڭ نازىنىڭ،
مەۋج ئۇرار سۈلكەت تەبەسسۇم بىر كۈلۈپ ئوينىشىدا.
بوينىدا مارجان ئەمەس سەۋدايىلارنىڭ كاللىسى،
كۆكرىگىنى ئىختىرا قىلغاچقا ماكىنت تاشىدا.
گەر خېرىدار بولسا پۇلپەزلەر ساڭا ماهى بەشەر،
بىر ئۆمۈر زۇمرەت ياسايدۇ بۇلبۇلۇڭ كۆز ياشىدا.
بولپەخەس، چوغ ھۆسنىگە شەيدايى پەرۋان بولىغىل،
ئوت بىلەن خەنجەر تۇتۇپ ئوينار كۆزى شام باشىدا.

1959 ــ يىل، ئاپرېل.

3

مېنى ئول مۇشىپقى جانان نە ھالىدىن خەۋەردار ئەت،
مېنىڭ مۇشىيقىلىقىم تەپسىلىدىن جانانغا ئىزھار ئەت.
ئېچىپ ھۆسنىنى چاچسۇن خۇشكەرەشمە لەبزىدە رەيھان،
نەسىبى قىسمىتىمنى رەبىننا رەيھانغا رەپتار ئەت.
ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدىن دۆرى نادىر ساچىلۇر باقسا،
غېرىبىڭگە گۈزەللىك شاھىنى بىردەم خېرىدار ئەت.
ئۇنى كۆرمەككە تەشنا مەن بەئەينى شەمئى پەرۋانىدەك،
ماڭا ئەينەككە بىر باققانچىلىك ھۆسنۈڭنى دىدار ئەت.
كى شايەت رەھىم ئېيتىپ زىبا جامالىڭ دۇرىنى ساچساڭ،
لىۋىڭدىن قۇيمىساڭمۇ شەرۋىتىڭ، كۆزۈڭدە ئىشكار ئەت.
ئۇنىڭ كۆز سالىشى گويا ماڭا پىردەۋسىدىن ئەلا،
قىسىنسا رەھىمىتىدىن. مەيلى قۇندۇز ساچىدا دار ئەت.
ساڭا مەپتۇن بولۇپ بۇلبۇل بېغىڭدا ئۆتتى دەرۋىشتەك،
يوشۇرماي گۈلجاھان ھۆسنۈڭنى شەيدايىڭغا ئەخكار ئەت.

1962 ــ يىل فېۋرال.

## 4

ئول نىگار ھۆسنىنى ئاچتى كۆرسە نەۋبەر① ئولتۇرۇر،
قاشلىرىدا نەيزىلىك لەككىچە ئەسكەر ئولتۇرۇر.
زۇلپى ساچى گەر قارا تۈن بولسا بەنت ئەيلەپ سېنى،
چېھرىسىدە نۇر سېچىپ خۇرشىدى ئەنۋەر ئولتۇرۇر.
لەۋلىرىدە بۇژغىسا گەر شەرۋەتى شىرىن ئۇنىڭ،
ھەر كۆزىدە شاھى ئىسكەندەر ۋە قەيسەر② ئولتۇرۇر.
تىلتۇمارى بويىندا تولغانىكى ئەپسۇن سۇرىگە،
مۇمبەرى مەسچىتىدە ئاللاھۇ ئەكبەر ئولتۇرۇر③.
ساقىيا بولغىل ماڭا سەن بۇ باھار ئەييامىدا،
ئەتىكاپ ئەيلەپ سېنى كەلگەن قەلەندەر ئولتۇرۇر.
سەن ئۇنى دىۋانە مەشرەپتەك دېمە دەرۋىش جاھان،
ئۈستىدە جەندە كۆلا ئۆمرۈڭگە دىلبەر ئولتۇرۇر.
كۆيلىگەي لەيلۇ ـ ناھار④ شەيدايى بۇلبۇلدەك سېنى،
دەۋزىقى ئىشقىڭ ئارا كۆيە بەس سەمەندەر ئولتۇرۇر.

1962 - يىل، باھار

## 5

قەلبىم مۇھەببەت تۇلپىرى، مىنىمىش ئۇنى بىر شەھسىۋار،⑤
ئۇچقۇر راۋانى مۇشكىدىن ئالەمگە پەيدا نەۋ باھار.
زۇلپى ئۇنىڭ زەنجىر بولۇپ، بەنت ئەتتى ئۆز جادۇسىغا،
ئۇرسا كوكۇلى قامچىسى ھۇشسىز تېنىدە نە قارار.
قاشىدا قەيسەر ⑥ لەشكىرى زەنگى سىپەت قول خەستە مەن،
بەرق ئەتسە كىرپىك نەيزىسى كۆز غەززىدىن ملك زەرنىسار⑦.
لەبزىدە تەقدىرىم مېنىڭ، دوزاق ـ بېھىش ئىلكىدەدۇر،
كىبرىنى زۇلمەت تۈن دېسەم نازى ئۇنىڭ لۇتپى ناھار.
كۆرگىن تۇرۇپتۇ نازىنىن قىلماي پىسەن شەيدايىنى،
باغىغا ئىسيان قىلماسىڭ، تەخسەڭدە كۆلگەيمۇ ئانار.

1963 - يىل

① «سەنەۋبەر» داستانىدىكى گۈزەل، ئومۇمەن سۆيگەن يار.
② يۇنان ۋە رىم ئىمپېرا تورلىرى
③ گۈزەلنىڭ يۇقۇرى دەرىجىدىكى ھۆسنىگە ئاپىرىن ئوقۇماق.
④ كېچە - كۈندۈز
⑤ ئالىجاناپ، شاھانە زات.
⑥ قەدىمقى رىم ئىمپېراتورى.
⑦ چېچىمىش ، چېچىلمىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



6

دامىڭغا چۈشكەيمۇ قۇشۇم، جانىمغا ئىشكار سالمىساڭ،
بۇلبۇل نە بىلگەي سەيلىگاھ، كۆكسۈڭگە گۈلزار سالمىساڭ.
قىسمەتمىدى مەجۇنلىقىم مەھۋەش يۈزۈكسىز ئەي پەرى،
پۈككەيمىدىم ئالدىڭدا تىز، قاشىڭدا شۇڭقار سالمىساڭ.
ھەر كىرپىكىڭدە بىر ساداق، چېھرەڭدە خال دارىم مېنىڭ،
ئالما يۈزۈم بولماس سېرىق، باغرىمغا خۇنخار سالمىساڭ.
لەئلى بەدەقشان بولمىغاي ئەردى قورام تاشتەك بۇ تەن،
جادۇ كۆزۈڭدىن ئوت چېچىپ ئىشقىڭدا دىشۋار سالمىساڭ.
ساچىلىق گويا تۈن تىلسىمى، سىنەمدە سۆيگۈڭنىڭ شىپى،
شەمئى نە يانسۇن دىلئارا ساھىپى ئەسرار سالمىساڭ.
ئەرك بابىدا شاھزادىنى خاكى گادا قىلدىڭ مەلەك،
بولماس مۇناجات مۇنچىلىك، ئارتۇقچە ئازار سالمىساڭ.
بىر قەترە لەبزىڭ بالىگە شەيدايى تەقدىرى پۈتۈك،
ئەپساندۇر جەننەت ماڭا، قوينۇمغا غەمخار سالمىساڭ.

1984 - يىلى ياز.

7

بىر كۈن مېنى سۆيگۈڭ ئوتى تەشنايى لەب ئۆلتۈرگۈسى،
كۆزدىن مېنىڭ ياشىم تۆكۈپ دەريا - سەلەپ ئۆلتۈرگۈسى.
ئاتەش ئارا كۆيدى خېلىل، دەرياغا غەرق ئەتتى يۇنۇس،
كەلمىش نەسەبى قىسمىتىم مېنى ھەسسىلەپ ئۆلتۈرگۈسى.
دىدارى - مەككە، ھاجىلىق- شايەت ئېرىشسەم ۋەسلىگە،
نامىڭنى دىلدا زىكرىلەپ رۇخسار تەلەپ① ئۆلتۈرگۈسى.
ئاھۇ كۆزۈڭ - ئاھىم مېنىڭ، پەريات ئىچەر ئاغۇم مېنىڭ،
جامۇ جۇداغا ② تولدۇرۇپ مەي لەپمۇ - لەپ ئۆلتۈرگۈسى.
گۈل بەرگىدە شەبنەم يېشىم، گۈل قامىتىڭدۇر ئەۋرىشىم،
بۇلبۇل سۆپەت قاتتى بېشىم: گۈل ئەركىلەپ ئۆلتۈرگۈسى.
كەلسەم جاھانغا سۆيگۈنۈم قىلدى مېنى ئاخىر جۇنۇن،
رىسقىمنى بەرگەن ئول زىمىن قەرزىم تىلەپ③ ئۆلتۈرگۈسى.

---

① سېغىندۇرۇپ ئۆلتۈرگۈسى .
② جۇدا — ھىجىردە ئۆلتۈرگۈسى.
③ ئومرۇم يەتمەي ۋاقىتىدىن ئىلگىرى ئۆلتۈرگۈسى.

قايكۈن گۈزەل ئايدەك تولۇپ، شەيدايىڭ سەييات بولۇپ،
قاش كۆزىدىن ئوقيا ئۈزۈپ، ئوىناپ ــ چىنەپ ئۆلتۈرگىسى.

1965 ــ يىل، قىش.

8

ئايا دىلبەر قىشىلىك گويا تىزىلغان لەشكەرى دارا①
كۆزۈڭدە كۈلسە ئىسكەندەر②، يۈزۈڭدە مەۋجى رۇخسانا③
ساداق ئاتقايكى " خۇرخۇر "④دەك سىنىڭ كىرپىكلىرىڭ ھەريان،
لىۋىڭ سۇرخى⑤قىزىل قانغا بويالغان مىسلى ھىند دەريا⑥.
سىنىڭ كۆكرەكلىرىڭ پامىر، ئەنىڭ كەينىدە ماچىندۇر⑦،
سۇلايمان لەشكەرى⑧ساچىڭ، ئاڭا تەڭ كەلمىگەي دۇنيا.
پىراق ئاھىم ئۈچۈن لوقمان بولۇپ رەھىم ئەيلەسەڭ، شايەت،
جىمى شاھانىنى تىلسام ساڭا قۇل بولمىغاي زايا.
كۆزۈڭ خەنجەردە جەڭ قىلسا، لىۋىڭ قەندەلدە مەي قۇيغاي،
غەزەپلىك پادىشاھىم سەن، بىراق مىھرىڭدا مىڭ مەنا.
سىنى كۆيلەپ سەھەرلەردە ۋە يانەي، بورىيا چالسام،
دىدىڭىمۇ كەلدى بۇلبۇل دەپ ئىچىلدىڭ غۇنچىدىن رەنا.
چۆكۈپ گۈلشەنگە شەيدايى ساتارىڭغا كەمەن چەككىن،
كۆزىگە تەلمۈرۈپ يارنىڭ ئىچىپ مەي لەبلەرى ئارا.

1970 ــ يىل، ئۈرۈمچى.

9

زۇلالى شەرۋەتىڭدىن قەترە ئىچەك سىنە زاردىدۇر،
گۇناھىم ئۇل مەسھادەك ⑧لىۋىڭگە لەب ئازاردىدۇر.⑩

① ئاخمانىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن ئىمپېراتورى.
② ئۇنى يەڭگەن ئىسكەندەر ماكادونىسكى.
③ ئىسكەندەرنىڭ سوغدىلىق گۈزەل خوتۇنى.
④ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسكەندەر تەرىپىدىن ئاتىلىشى.
⑤ قىزىل لاك.
⑥ ھىند دەرياسىنى ئىسكەندەر قانغا بويىغان.
⑦ خوتەن.
⑧ ئۇيغۇر پادىشاسىنىڭ تەسۋىرى نامى، شۇ چاغدا ھىندىقۇشنى سۇلايمان تاغلىرى، پامىرنى (كوكتوبە) تەختى سۇلايمان دەپ ئاتىغان.
⑨ مەسھا ـــ ئەپسانىدا ئەيسا پەيغەمبەر دەم سالسا، ئۆلۈك تىرىلەنۇ، دېيىلگەن، بۇ تىرىلدۇرگۈچى لەب
⑩ سۆيۈش ئازابى

سەۋىردىن ئارچا ھال بولدى مېنىڭ سەرۋى سۈپەت قەددىم،
نەقەھرۇ قارلىرىڭ بەلكىم مېنىڭ شەپقەت باھارىدۇر.
ئېلىپ ئەركىمنى ئىلكىڭگە ئەلىڭ جىسمىمنى لام قىلدىڭ،
ئۇنى ھەم كام بىلىپ نۇن ئەيلىگەيتتى ئىمارىمدۇر.①
كۆرۈڭ ھەيھات، بۇ قەددىم مەنزىرىنى سۆيگۈ زەر بىردىن.
توقاي يەڭلىغ كۈرۈنگەن ئول جۇنۇنى ئارچا زارىمدۇر.
بۇلۇت ئابى راۋان كۈن - تۈن، سۇ غارغاي ياشى جىسمىمنى،
بىراق شەيدايى دەر: يار سۆيگۈسى مۇھتاج خۇمارىمدۇر.

1977 - يىل، كۈز

## 10

گەر كورمىسەم شەمئى يۈزىن، يار ھىجرىدىن ئەپغان كۆڭۈل،
پەرۋانە بولسام شەمئىگە ئوت بەھرىدىن② ۋەيران كۆڭۈل.
زوق - ئىشتىياق شەيدالىغى پاش قىلدى ئالەمگە مېنى،
يا قالمىدى جادۇ پىراقى دەردىدىن پىنھان كۆڭۈل.
پىنھان تۇتماققا كۆڭۈل سىررىمنى قىلسام پەرزگەر،
سۈمبۈل سېچىدىن ئۇرغىغان خۇش ئەتىردىن مەستان كۆڭۈل.
ئىشقى پىراقىدىن خالاس بولماققا سورىسام چارىلەر،
سىنەمدە ئەۋج ئۇرغان چېقىنلەر نەھرىدىن سەرسان كۆڭۈل.
چوغدەك قىزاردى بۇ تېنىم يار ئىشقىنىڭ گۈلخانىدىن،
بى رەھمى يارنىڭ قەلبى تاش تەھرىرىدىن قان - قان كۆڭۈل.
ئۆتتى ناۋاسىز ئول ناۋايىنىڭ ھاياتى سۆيگۈدىن،
قەلبى پۈچەك، تەل ۋەسلىلەر③ تەقدىرىدىن ھەيران كۆڭۈل.
"تەقدىر پۈتاقى مىڭ بولۇر" دەيدۇ شۇدەم دىلبەر كۈلۈپ،
"شەيدايى ساقىڭغەن ئىنان ④! يار مېھرىدىن پەيمان كۆڭۈل!!"

1977 - يىل، قىش.

## 11

چەمەندە گۈل ئېچىلغايۇ، نىگارىڭسا لىمسا ئەنداز،
قېشىڭدىن ئۆلگىلەر ئالاي نە قىلسۇن كۆكتە قۇش پەرۋاز.

---

(1) خەتتات، نەقىش قىلغۇچى.
(2) دېڭىز - ئوكيان
(3) ۋەسلى نەل
(4) خاتىرجەم بول

سۈزۈك زۇمرەت بۇلاقلارغا كۆزۈڭنىڭ چەشمىسى ئىلھام،
شىكەر خەندىگە تەقلىتلەپ قىلۇر سۆھبەتدە بۇلبۇل ناز.
ھەرە گۈلشەندە بال تۆككەي لىۋىڭ گۈلقەندىنى دوراپ،
قارا قىلىڭ جادۇدىن ئاۋلار كېيىكنى شۇڭقىغان شەھباز.
نىگارىڭ جىلۋىسى بولسا مەگەر خۇرشىد ئۇچۇن دەستۇر،
چېچىڭ سۇمبۇل ئۈچۈن ھەتتا سىياقىڭ سەرۋىگە ئۇستاز.
ئۇنى سەن مەھلىيا قىلغاچ ساڭا سەۋدا بۇ شەيدايى،
ياغاچ ساز جىسمى ئۇر يانىم مەگەر چالساڭ چىقار ئاۋاز.
پەقەت ئىرپان بولۇر تەققاس گۈزەل جانان جامالىغا،
سائادەت تەگرىسى ئەلدە ئۇنىڭسىز كۆلمىگەي بىر ئاز.

1982 ـ يىل

# ئالتۇن دەۋر سىمالىرى

مەخمۇت زەيىدى

قەلبىمنى ئويناتتى بىر ئۇلۇغ ئىستەك،
بۇ ئۇلۇغ ئىستەككى، ھەم بىگە ئۆرنەك.
بۇ ئۆرنەك دېگىنىم — ئەجدادتىن قالغان،
نەمۇنە يادىكار ـ تارىخقا ئىنەك.

كۆردۈم مەن ئۇنىڭدىن ئۇزاق تارىخنى،
قەھرىمان بوۋىلار قۇرغان شەھەرنى.
ھەيۋەتلىك سارايلار پەشتاقلىرىدىن،
چاقنىغان نەقىش ھەم ئالتۇن ھەللەرنى.

1

ئالدىمدا ئەنە ئۇ قەدىمقى قەشقەر،
مەھمۇتنىڭ تۇغۇلغان ماكانى ـ يۇرتى.
«قاراخانىلار» پايتەختى بولغان،
(جاھانغا مەشھۇر نامى ـ قۇدرىتى).

كېيىنكەر يايلىغان گۈزەل يايلاقلار،
مەھمۇتنىڭ سىردىشى ئارچىزار تاغلار...
ئالەمنىڭ قەدىمى ـ ئىزىدىن ئۇنگەن،
بۇندىكى چىمەنلىك، مېھرىلىك باغلار...

گۈۋا بوپ تۇرۇپتۇ تۈمەن دەرياسى،
ئەسىرلەر ئۈزۈلمەي ئاققان بۇلاقلار.
ئەل ـ يۇرتنىڭ قەلبىدە تۇرۇپتۇ تېخى،
تويلاردا ئۇ ئېيتقان ناخشا ـ قوشاقلار.

قەشقەردە تۇغۇلغان مەھمۇت قەشقىرى،
قەشقەردە كۆز يۇمغان خەلقىمىز پەخرى.
تۇنلەردە چاقنىغان يورۇق يۇلتۇزدەك،
تۆھپىسى نۇر چېچىپ تۇرار ئەبەدىي.

ئوقۇدۇم: قەشقەرى يازغان دىۋانىنى،
بىلدىمەن: ئۇنىڭدىن قەدىم زامانىنى.
ھەر بىر قۇر سۆزىدىن ئالدىم تەربىيە،
مەرىپەت، بەختكە باشلار ئىنسانىنى.

ئەجداتلار ياراتقان ئالتۇن دەۋرنىڭ،
تىلچىسى، ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى.
كېزىپ ئۇ شۇنچە كۆپ شەھەر، كەنتلەرنى،
ياراتتى ئەۋلاتقا ئىلىم دەستۇرى.

ئۇ پۈتكەن ھەر ماقال، ھەربىر قوشاقھەم،
ئەجداتلار ئەقلىدىن كەلتۈرگەن مىسال.
ئۆزۈپ ئۇ تەپەككۇر دېڭىزى ئارا،
ئەل ئىچرە تونۇلۇپ تاپقانتى كامال.

2

ئەجداتلار ياراتقان ئالتۇن دەۋرنىڭ،
يەنە بىر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ؛
«قۇتاتقۇ بىلىك»نى قەشقەردە يازغان،
ئىلىمنىڭ بابىدىن دۇردانە چېچىپ.

تارىختا پۈتۈلدى مۇبارەك نامى،
شەرىپى ئىدى ئۇ ئالتۇن دەۋرنىڭ.
تەرىپى يېزىلغان يىلنامىلارغا،
زىننىتى ئىدى ئۇ سارايى - قەسىرنىڭ.

مەن ئۇنى سېغىنىپ تاغلارغا چىقتىم،
گۈللەرنىڭ قېتىدا ھۆسنىنى كۆردۈم.
ئۇ يۈرگەن يەرلەردە ئۇنۇپتۇ رەيھان،
ئۇ ئۆسكەن تۇپراقنى كۆزۈمگە سۈردۈم.

مەن ئۇنى يادقىلدىم ھەر سەھەر، ئاخشام،
ئۇ، ئىلىم كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇز.
ئۆچمەستىن ئەسىرلەر بورانلىرىدا،
چاقنىغان تارىختا كېچە يۇ - كۈندۈز.

× ×

ئويلايمەن، ئويلىسام كېلەر ئالدىمغا،
ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئىككى ئادەم.
ئۆتۈپتۇ ئۇنتۇلماس مىراس قالدۇرۇپ،
قەلبىمدە بار ئىكەن قانچە مىڭ كۆكلەم.

يادلىنار ئۆتسە ۋ مىڭ - مىڭ ئەسىرلەر،
ياد ئەيلەپ كەلەكتە ئۇلارنى ئالەم.
تارىختا نەقىشلەپ ئويۇلغان نامىلار،
بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەزىز - مۆھتەرەم.

ياد ئەيلەپ ئۇلارنى ئايەم كۈنلىرى،
قەۋرىسى بېشىغا گۈللەر قويىمىز.
كەلگۈسى ئەۋلاتقا خىسلىتىن سۆزلەپ،
قەلبىگە ئۇلارنىڭ نامىن ئويىمىز.

# قۇتلۇق يالداما ئىزىكىسى

ۋاھىتجان غوپۇر

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قۇتاتغۇ بىلىگ» داستانى ئۇنىڭ ئانا يۇرتى ۋە قەشقەردە تارقىتىلغاندا، تەپەككۇر قۇشلۇرۇم بىردىنلا پەرۋاز قىلىپ، قەلبلىرىمدىكىلەردەم بۇلاقتەك ئۇرغۇشقا باشلىدى ...

قولدا «قۇتاتغۇ بىلىگ» ، كۆلدۈم يۈرەكتىن شادىمان ،
تىترىدى ئۇتلۇق ھاياجاندىن تېنىم ياپراقسىمان،
كۆزگە سۈرتتۈم شۇ ئەسەرنى ، بولدى پاك ئىشقىم قىيان،
ئاپىرىن! بىزگە ئۇنى يەتكۈزدى بۇ يارلاق زامان،
شۇڭا، ئالدىن ئېيتىمەن دەۋرىمنى كۈيلەپ كۈي راۋان.

مەرىپەت دۇشمەنلىرى تاپقاچ بۇگۈن ئەلدە ماتات ،
جانلىنىپ باردى چېچەكلەپ مەدىنى تۇرمۇش ـ ھايات ،
پارتىيەم بەردى ئىلىم ـ پەن ئەھلىگە كۈچ ھەم قانات،
چەتتى دۇنيا سەھنىسىگە كۆمۈلۈپ قالغان ئىجات،
خەلقىمىزنىڭ مول پاراسەت ـ ئەقلىنى ئەيلەپ ئايان.

مانا بۇ ئۆلمەس كىتاپ شۇ گۈللۈنۈشكە بىر مىسال،
بىباھا شائىرىق مىراسقا زوقلۇنۇپ باقتىم خوشال،
خۇددى كۆز ئالدىمدا سۇلاس باغ ئىرەم ئاچتى جامال،
نازىنىن كۆركەملىگىدىن بولدى كۆكتە ئايمۇ لال…
بۇ قەدىم يۇرت قوينى تولدى گۈل چېچەك بىرلە شۇئان.

مەرىپەتپەرۋەر بۈيۈك روھ بىرلە خاس ھاجىپ يۈسۈپ،
شۇ جاھالەتلىك ئەسىرنىڭ باغرىنى ئۆرتەپ ـ بۆسۈپ،
ئانا تىلنى بىر پەسىھ جەۋلانغا بەرجەس كىرگۈزۈپ،
بەختىمىزنىڭ ئاچقۇچى ـ ئالتۇن ئەسەرنى پۈتكۈزۈپ،
بىزگە تەقدىم ئەيلىدى شۇنچە ئەسىرلەردىن بۇيان .

ئۆتسىمۇ گەر ئون ئەسىر، شۇڭلاشقا ئۇ يازغان كىتاپ ـ
كەلدى تارىختىن بىرى ئۆچمەي لاۋۇلداپ ـ يالتىراپ،
پەم ـ پاراسەتلىك خەلقنىڭ قەلبىگە نۇردەك تاراپ،

www.uyghurkitap.com



بولدى جاھىللىققا قارشى ياڭرىغان ئوتلۇق خىتاپ،
دېدى : » دۇنيادىن نادان ئۆتمەك ئۆلۈمدىن كۆپ يامان!«

بەردى ئالىم شەرھلەپ ھەق ۋە ئادالەتنى تىرەن،
دېدى : » گۈللەت ئەلنى ئىلمۇ ـ پەن ، پاراسەتلەر بىلەن،
تۇت ئۆزۈڭگە يار قانائەتنى ، ھايانى ، بول تىمەن،
مەرىپەت ، قانۇن بىلەن بولغاي بۇ ئالەم گۈل ـ چىمەن،
ھىچ توسالماس ئەشۇ چاغ كۆز نۇرلىرىڭنى چاڭ ـ تۇمان …«

شۇڭا، ئەجدادىم ئاڭا باغلاپ مۇھەببەت ـ ئىشتىياق،
سۆيۈنۈپ مەناغا تولغان خەزىنىسىدىن ھەمە ۋاق،
ئۆرتىگەن مەشئۇم جاھالەتنى ، ئۇنى ئەيلەپ چىراق،
بولسىمۇ زۇلمەت تۈنى شۇنچە ئۇزۇن ، مەنزىل يىراق،
يەتكۈزۈپ كەلگەن بۈگۈنكى كۈنگە مىڭ يىلدىن بۇيان.

بۇ كىتاپ سەھىپىسىدە بىباھا گەۋھەر ياتۇر،
تەربىيەت ، ئەخلاق ، ئەدەپكە خاس ئېسىل جەۋھەر ياتۇر،
ئىلمى مەنتىق ، ھەم پاساھەت … كە تولۇق كەۋسەر ياتۇر،
( بىرمۇ ـ بىر قىلسام بايان بەتلەرگە قانداقچە پاتۇر ؟!)
قىممىتى ئالتۇن كىتاپىنىڭ شۇنچە يۈكسەك ، بى پايان…

ياھ! قولۇمدا شۇ كىتاپ، گۈلقەن يېدىم مەناسىدىن،
ئۈنچە ـ مارجانلارنى سۈزدۇم كەڭ، تىرەن دەرياسىدىن،
بولدى ئۇ گۈلباغ، سەھەر ئۈزدۈم گۈلى رەناسىدىن،
كۈلدى قەلبىم، پەم ـ پاراسەت قاينىغان سەيناسىدىن…
سېغىنىپ ئالدەنى باقتىم تەلپۈنۈپ مەن كۆك تامان.

تاڭ ساباسى يەلپۈنۈپ بىر ئاق بۇلۇت كەلدى ئۇچۇپ،
ئولتۇرۇپتۇ ئۈستىدە (كۆردۈم) شۇ خاس ھاجىپ يۈسۈپ،
كۆزلىرىمگە تولدى ياش، بەردىم سالام زوققا تولۇپ،
چىن تەبەسسۇملە ئىلىك ئالدى بوۋام خۇشخۇي كۈلۈپ،
سېغىنىشنىڭ يالقۇنى قۇچتى دىلىمنى شۇ زامان.

مەن دېدىم: » چىقتى نەشردىن ئۆزلىرى يازغان كىتاپ.«
ئۇ دېدى: » بەرگىن، كۆرەي «، سۇندۇم كىتاپنى مەن شۇتاپ،
كۆردى ئۇ ۋاراقلىرىنى بىرمۇ ـ بىر ئۆرۈپ قاراپ،
» ياھ ! ئەجەب نەشرى، سۆپەتلىك بوپتۇ! «دەپ قىلدى خىتاب،
بۇ كىتاپنىڭ بېسىلىش جەريانىنى قىلسام بايان.

AltunOq

دىدى ئەسكەرتىپ يەنە: " ئەردىم ئۆزۈندىن ئىنتىزار،
ئەمگىكىم ئەۋلاتلىرىڭغا يەتسە دەپ لەيلۇ - ناھار،
ۋەلىكىن زالىم خاقانلار ئەيلىگەچ ئەل - يۇرتنى خار،
ئۇ ئۈمىدىم ئاشمىغان ئىشقا، بولۇپ يول بەكمۇ تار،
ئۈھسىنىپ كەلگەن ئىدى روھىم بولۇپ بەك دەرگۇمان.

شۈكرى! ئەۋلادىم ساڭا كەلگەندە دەۋران ئالمىشىپ،
بولدى يۇرتۇم ھۆر-ئازات، پەن - مەرىپەت ئاقتى تېشىپ،
زارىقىپ كۈتكەنلىرىم ئاخىر بۈگۈن ئىشقا ئېشىپ،
قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسىم بولدى سىزلەرگە نېسىپ،
پەيزى كۆكلەمگە يېتىشتى، كۈلدى مەن ئۈسكەن ماكان.

شۇڭا ئوغلۇم، يەت مۇشۇ ئالتۇن زامانەڭ قەدرىگە،
تىرىشىپ ئىزدەن، ئۈگەن، ئايلان ئىلىم - پەن ئەھلىگە،
مەرىپەتلىك ئەر بولۇپ يەتكۈز گۈلاپ ئەل قەلبىگە،
گۈل قىسىپ ئۆت كەشپىياتلاردىن ئېلىڭنىڭ كۆكسىگە !
تۇت ئېسىڭدە : چىن سائادەتتۇر-بىلىم مەڭگۈ، ھامان ...»

سۆيۈنۈپ كەتتى جېنىم، ئاڭلاپ بۇ سۆزنى شۇ مەھەل،
مەن دىدىم "يا تقايلا خاتىرجەم بولۇپ بىزدىن تۈگەل،
كەشپىياتتىن تىڭشىغايلا ئېيتىمىز بىز كۈي - غەزەل،
مەرىپەت گۈل باغلىرىنى تەر تۆكۈپ ئەيلەپ گۈزەل،
قۇرىمىز ھەر ساھە، ھەر سەپتە كامال تاپقان زامان!....»

سۆزلىرىمدىن شۇ زامات مەمنۇن بولۇپ، شاتلىق قۇچۇپ —
كەتتى خاس ھاجىپ يۈسۈپ — ئالىم بوۋام كۆككە ئۇچۇپ،
ئۇزۇتۇپ قالدىم خۇشالەن دەستە - دەستە گۈل تۇتۇپ،
بۇ تەۋەررۇك ئۇچرۇشۇشنى دىلغا ھەم ئالدىم پۈتۈپ،
تىكلىدىم قەيسەر ئىرادە ئاشىمەن ھارماي داۋان...

قولدا "بار ئالتۇن كىتاب"، قاينار دىلىمدا ئىپتىخار،
ئۇمېنىڭ پارلاق مىراسىدۇر، شۇڭا مەن بەختىيار،
رەڭمۇ - رەڭ گۈللەرگە تولغان مۆجىزە ئۇ، بىغۇبار،
ئۆتسە ۋۇ يىللار-ئەسىرلەر بەستىدىن كۆچمەس باھار،
لەيلىزاردەغا ياراشقان ئۇ گۈزەل سەرۋى راۋان!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

غوجى ئەخمەت

## ۋەتىنىم

ۋەتىنىم — پەخرىم،
تاجۇ — دۆلىتىم.
مەغرۇر تاغلىرى،
مەدەن كانلىرى،
بەخت-ھۆرلۈكنىڭ ھۇلى-ئاساسى.

يېشىل قارىغاي،
مەزمۇنلارغا باي.

يايلار قوي، قوتاز ...
قۇشلار خوشئاۋاز،
كۆلگەن كائىنات، يوقتۇر باھاسى.
دەريالار ئوينىاق،
بۇلاقلار ئويغاق.
قاتقان قار — مۇزلار،
تامچە ئەگىزلەر،
مەخمەل ئېتىزنىڭ ئاشىق رەناسى.

زەنجىر تاپانلار،
پولات ساپانلار،
ئوغاق ۋە بولقا،
مەھكەم بىر ھالقا،
ئۈزۈلمەس رىشتە — مېھرۇ-ۋاپاسى.
ئالىم — ئىنجىنېر،
جەڭچى — پىشۇنىر،
بىر نىيەت، بىردىل،
سايرار خۇشال تىل،
" ياشا ۋەتىنىم؟ "-قايناق ساداسى.

ۋەتىنىم — جېنىم،
سۇلىرى قېنىم.
تاغلاردۇر گەۋدەم،
شۇڭا مەن بەردەم،
بىلمنەيمەس قىلچە جەۋرۇ-جاپاسى.

دىلىمدا ئارمان،
بېلىمدە دەرمان.

قوزغالدى ھەۋەس،
مانا تۇردۇم دەس،
تەقدىم ھاياتىم!-ئۆمرۈم جاكاسى.

ئۆتكۈر كۆزلىرىم،
شېرىن سۆزلىرىم
ۋەتەن يولىدا،
تامامەن پىدا،
يانسام مۇبادا بولاي مەن ئاسى.

ۋەتەن دىدىم بىر،
كۆڭلۈمدە يوق كىر،
بولدۇم پىدا كار،
كۆچتۇر نۇمۇس — ئار،
كۆتمەيمەن مەيلى كەلسۇن قازاسى.

## پارچىلار

ئانا دەپ ئالدىغا يىقىلغان بالا،
تەھتىدىن ئانىغا ۋاپادار بالا.
ئانىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن كىم،
كۆرىدۇ ئاقىۋەت تۇگىمەس بالا.

× × ×

خالىساڭ يامان دە، يامانلىمايمەن،
ئەقىدەم ئۆمۈرلۈك ساڭا باغلانغان.
سەندىكى جاسارەت، مەندىكى غەيرەت،
بىرلىك ۋە ھەمدەملىك بىلەن تاۋلانغان.

× × ×

ماختىنىش، ماختاشمۇ ياقمايدۇ ماڭا،
ياقىنى ئادالەت-لىللا پىكىرلەر.
ماختاشتىن تىلەك ئۆرلەپ ئۆرلۈگەن تولا،
كۆمۈلگەن ماختاشقا ھىلە-مىكىرلەر.

× × ×

قىزغىنلىق قىيامەت كۈنى قىزىيمىش،
ۋە لېكىن ئۇ چاغدا سوۋۇيدۇ ئالەم.
قىزغىنىپ بىر-بىرىنى ئۇرۇپ-سوقمىسا،
دۇنيا كەڭ، سىغىشالمۇ ھەر قانچە ئادەم؟

× × ×

ئادەمنىڭ ئىززىتى باسقان ئىزىدا،
ئەمەس ئۇ سەللە-تون، ئىبارىسىدا.
كېچىسى تەڭرىگە يىغلاپ يالۋۇرۇپ،
كۈندۈزى ماركىست ئۇ ئىدارىسىدا.
چاي ئىچسەڭ بۇنداقلار بىلەن ئولتۇرۇپ،
شەيتانلىق كۆرۈنەر پىيالىسىدا ...

× × ×

رەقىبىم ئالدىدا ئوخشايمەن ساڭا،
قەدىڭدەك راۋۇرۇس مەغرۇر سۇۋادان.
دوستلارغا باش ئىگىپ ئىگىلەي سەندەك،
مۇلايىم مەجنۇنتال بولاي سىڭايان.

× × ×

«كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ!» دېگەن سۆزۈڭدە،
ئاسراشنى ئۆزۈڭنى ياكى مېنى ھەم.
يىقىلسام يۆلەشكە ئۇزاتتىڭ قول،
دېمەك، سەن باشقىچە قويۇيسەن قەدەم.
ئەگەر مەن پۇتلىشىپ يىقىلغاندا،
كېلەتتى قەيەردىن ساڭا ئىقبال - پەيم!؟

× × ×

ئاھ! دەيسەن، ۋاھ! دەيسەن، ئارمانلايەيسەن،
ۋاقتىنىڭ ھەسرەتكە نېمە پەرۋايى؟!
قايغۇدا يات قىلىپ قىلغاندا دۇئا،
قوزغۇلۇپ كەتمەمدۇ شېھىتلەر روھى.
شېھىتلەر قوبدۇنۇپ قالمىسۇن دېسەڭ،
ئالغا باس، روھلارنى شات قىلاي دېسەڭ.

× × ×

قۇچاقلىشىپ چىڭ ياتساقمۇ يېقىن،
ئوخشىماس كۆرگەن چۈشىمىز لېكىن.
بىر جان-بىر تەن ھەم بولۇپ كەتسەكمۇ،
ئوخشاش بىر تىلەكنى مەخسەت ئەتسەكمۇ،
سەۋەبى پەرقلىق ئويلاشلىرىمىز،
ئىش، ئورۇن، تاماشا - ئوينىشلىرىمىز.

× × ×

مەن بىلگەن مۇھەببەت-سۆيگۈدۇر ۋەتەن.
«ئىڭگە» دە ئويغاتقان ۋەتەن ھاۋاسى.
«مەمە» دە باشلانغان ئانام كۈلكىسى.
«ئوغۇلكەن، ئەلسۆيەر...» دادام دۇئاسى.
كۈلكە ھەم دۇئاغا بولمىسام سادىق،
بولارمەن قانداقچە رىزاغا لايىق؟!

× × ×

ئاي دەيمەن، كۈن دەيمەن، ئۆتسە غەم يەيمەن.
قانچىلىك تۆھپەم بار ۋەتەن ئالدىدا.
تىرىشىپ - تىرمىشىپ تۇرمىسام ئەگەر،
كىم كۆرەر ئۆلسەم مەن يوچۇن دالىدىدا.

× × ×

ئۆزۈڭدە يوق نېمە سۆزۈڭدە بولماس،
ياق دېسەڭ، يات نېمە سىڭگەن تىلىڭغا.
تىلىڭغا سىڭگىنى دىلىڭغا سىڭگىنى.
ھۇشيار بول، دىققەت قىل ئانا تىلىڭغا.

# ئۈژمە بىلەن سۆھبەت

ئابلەھمەت نىياز

— مېنىڭ داۋادۇر مېنىڭ كېسەلگە،
تۈۋۈزىنىڭ، تېنىنىڭ، ياپرىقىنىڭ گەۋھەر.
ئەمىشقا تېپىلماس باشقا دەرەختە،
سېنىڭدە توپلانغان خىسلەتتى جەۋھەر؟

— بىخ سۈرۈپ زېمىندىن كۆتەرگەندە باش،
ئورناشتى قەلبىمگە بىر ئۇلۇغ ئارمان.
ئىنجا تىكار توپراقنى سۈرتۈپ كۆزۈمگە،
ۋىسالغا يەتكىدەك تاپتىم مەن دەرمان.

ۋاقتىتىن بالدۇرراق مەي باغلاپ پىشىپ،
جىمىكى جانلىققا كەڭ قۇچاق ئېچىش؛
قەلبىمگە پۈككۈلگەن ئارمانىم ئىدى،
كۆپ ئۈچۈن نەپ بېرىپ، تامادىن قېچىش.

مەشۇقى ئىلىم-پەن، ئۆزى بىر ئاشىق،
ۋۇجۇدى ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇغا تولغان؛
ئالىمنىڭ خىزمىتىن قىلسام دەر ئىدىم،
قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇپ تۇرغان.

تەمبۇرنىڭ ئۈچىغا بۇلبۇل قوندۇرۇپ،
جاراڭلىق ھەم ئۆلمەس مۇقامغا چالغان؛
سازەندە سازىنىڭ دەستىسى بولسام،
ئىشقىغا ۋاپا دەپ گۈلخاندەك يانغان.

پەزىلەت — خىسلەتتى ئىنسانغا لايىق،
راۋايەتتە ئېيتىلغان ئاددىي چولپان.①
ۋەسلىگە ئېرىشمەك ئارمانىم ئىدى،
ئۆز قەدرىن بىلىشتەك ۋىجدانى بولغان.

ياشاشنىڭ يولىنى كۆرەشتىن ئىزدەپ،
ئۆتكەزدىم يىللارنى ئونلاپ ۋە يۈزلەپ.
قۇياشقا تەلپۈنۈپ، يىلتىزلاپ يەرگە،
چىدىدىم ھەممىگە ئارماننى كۆزلەپ.

قەيەرگە قويسا ئەل شۇ يەرگە تۇتتۇم،
مېۋىلەر گۈلزارىدىن تالاشماي ئورۇن.
ئاچ بىلەن غېرىبنىڭ غېمىنى يەپ،
پىشەمەن بۇغداي سېرىقىدىن بۇرۇن.②

# غورا سالغان ئاش

ئاۋۇت مەھەممەت

بۇ يىل ياز پەسلى كەلدىم يېزامغا،
ئۈژمە ئاقىرىپ تۆكۈلگەن چېغى،
كۆرسەتتى بېھىش ئۆلمىگەن جانغا،
ۋەتەن باھارى، يازنىڭ خۇۋلىقى.

① راۋايەتلەردە ئېيتىلىشچە، چولپان ئىسىملىك بىر ساھىبجامال بولۇپ، پادىشا تەرىپىدىن ھارامغا زورلانغان ئىكەن، بۇ چاغدا چولپان قاتتىق نارازى بولۇپ، خۇداغا تىلىنىپ، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، كۆكتە «چولپان» ئاتلىق يۇلتۇز پەيدا بولغانمىش.
② «ئەل سېرىقى—بۇغداي سېرىقى» دېگەن ماقال كۆزدە تۇتۇلدى.

پەرزەنت ئانىغا ئەڭ ئېزىز مېھمان
(پولۇ ئەتمەكچى ئانام ئالدىراش).
دىدىم:
"يەمەيمەن ئەتسەڭ گەر پولو،
ئېتىپ بەر ماڭا غورا سالغان ئاش.

غورا، چامغۇردا ئوخشايدۇ ئەجەپ،
سۈيى سۈپ-سۈزۈك سەھرا يوبدىنى.
ئويلىما بۇنى ئاددى تاماق دەپ،
بەدەنگە سىڭەر ئاشنىڭ ئوبدىنى.

بولغىنىم ئۈچۈن دىخان بالىسى،
دىخان مىجەزى سىڭگەن قەلبىمگە.
ئۇنۇتسام ئەگەر كۆرگەن كۈنۈمنى،
قانداق قارايمەن خەلقىم يۈزىگە.

ئەشۇ كۈنلەردە ئىچكەن شۇ ئاشنى
(ئۇلاشساق ئاڭا بولاتتۇق رىزا.)
ئەمدىچۇ؟ ئاشتىن غەم يەمەس دىخان،
بولىدۇ يوبدان خۇمالىق غىزا."

# شېئىرلار

ئەمەتجان قەييۇم

## ئۆزگىرىش

بۇرۇن مىنىڭ يۇرتۇمدا،
ساقاللىقنى ھۆرمەتلەپ؛
مېھمان - يۈچۈن ئىشىدا،
تۆرگە ئالغان بىر - بىرلەپ.

ئەمدى باقسام، بۇ ئادەت،
قاپتۇ بارا ئۆزگىرىپ.
بولسا كىملەر بىلىملىك،
شۇنى تۆرگە ئۆتكۈزۈپ.

## گۈلنىڭ جاۋابى

باغ ئارىلاپ شوخ شامال،
كۆردى بىر تۈپ ئەترىنى.
تۇرار ئىدى تۇپراققا،
ئېگىپ گۈزەل قەددىنى.

دىدى شامال: "ئەترىگۈل،
تۇرۇقۇڭدا نىمە ھال؟"

دىدى ئەترە: "سىردىمنى،
بىلمەك بولساڭ قۇلاق سال:

تۇپراق بەرگەچ ئوزۇقلۇق،
كۈلگەن ھۆسنى - جامالىم.
تەئەللۇقتۇر كۈندۈز - كەچ،
ئاڭا ئىززەت - سالامىم."

## ئىززەش

ئىزدەپ سىنى يەكشەنبە،
كېزىپ قانچە رەستىنى؛
تاپتىم ئاخىر باغچاڭدىن،
كۆرۈشۈشنىڭ پەيتىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



AltunOq

ئېگىز گۈلدەك بېشىڭنى،
پېرىلىپسەن كىتاپقا.
دەرياسىغا ھېكمەتنىڭ،
چۆمۈلۈپسەن شۇتاپتا.

سەن ئىزلەپسەن ئۈنچىنى،
مەن ئىزدىسەم يار سېنى.
باغلىدىڭ چېنىڭ يەنىمۇ،
بۇ ئىش بىلەن سەن مېنى.

## سالام ساڭا

( جەڭچى تىلىدىن )

سالام ساڭا يۈرەكتىن،
يېزا قىزى چىمەن گۈل.
بەخت قوينى بېغىڭدا،
ئۆستۈرۈپسەن تۇمەن گۈل.

باشقۇرۇپسەن ئېتىزنى،
يېڭى تېخنىك ئۇسۇلدا.
قايىل قاپتۇ يۇرت ئەھلى،
سەن ياراتقان ھوسۇلغا.

ئاڭلاپ سېنىڭ نامىڭنى،
تاشتى دىلدىن شاتلىغىم.
چىمەنگۈلدەك ئېچىلغىن،
مېنىڭ چىمەن ئاتلىغىم.

# پەزىلەت قامۇسى

ئېزىز سايىت

پەزىلەت قامۇسى « قۇتاتغۇ بىلىگ »،
مەرىپەت كۆكىدە چاقنىغان ئەسەر.
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى،
بولماقتا نامايان قۇچۇپ شان-زەپەر.

تەپەككۇر كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ ئۇ،
تىكلىدى ئەل ئۈچۈن ئۆلمەس ئابىدە.
زامانلار ئۆتسىمۇ كەلدى بىزگىچە،
ئەجداتلار ئىزىدىن بولۇپ خاتىرە.

تۇرىدۇ ئالدىمدا چولپاندەك چاقناپ،
بوۋامنىڭ مېھنىتى ـ ئەقىل ئۈنچىسى.
دىللارغا ئىپاردەك چاچتى خۇشپۇراق،
ئىنسانى خىسلەتنىڭ ئېسىل غۇنچىسى.

شۇ بۈيۈك ئىنساننىڭ شەنىگە بۈگۈن،
تەشەككۇر، ئاپىرىن ئوقىدى جاھان.
مەرىپەت خۇمارى مىللىتىم بىلەن،
ئەبەدىي ياشايدۇ شۇ ئۇلۇغ ئىنسان.

# تاغ سۈيى

روزى رازىق

ئېخ، تاغنىڭ سۈپ ــ سۈزۈك مەرۋايىت سۈيى،
تىك ــ قىيا چوققىدىن شاقىراپ كەلسەڭ؛
گوياكى كۆزۈمنى چېقىپ ئەينەكتەك،
ئاق كۆمۈش لىنتىدەك پاقىراپ كەلسەڭ؛

زوقلۇنۇپ كۆز ئۈزمەي قاراي ئۇزاق،
توختىماي شاۋقۇنلۇق ئېقىشلىرىڭغا.
كەڭ يايلاق، ئېتىزلار، باغ، ئېدىرلارنىڭ ــ
باغرىغا باغرىڭنى يېقىشلىرىڭغا.

بىلمەن، سەن بولغاچ يەر ــ زېمىن خۇشال،
چۈنكى، سەن زېمىننىڭ جېنى ئەمەسمۇ؟
ئالەمگە، ئادەمگە بەرگۈچى ھايات،
جۇش ئۇرغان كۈچ ــ قۇۋۋەت قېنى ئەمەسمۇ؟

مەن قانچە بەختىيار، خۇشال بولاتتىم،
شۇ تاغنىڭ سۈيىدەك ئۆركەشلەپ ئاقسام.
ئىجادىم كۆچىدىن ۋەتەن، خەلقىمنىڭ،
قەلبىگە توزىماس گۈل ــ چېچەك تاقسام.

# رۇبائىلار

مەھەممەت ئېلى

ئىز ئۈچۈن پەرزەن ئىزلىگەن ئازماس،
ئەسىرلەر ئۆتسىلا ئىزناسى قالماس.
قالدۇراي ھاياتقا ئۆچمەس ئىز دېسەڭ،
ئىجات قىل، شۇ ئىزىڭ مەڭگۈ يوقالماس.

× × ×

ئۆلۈم شارابىنى ئىچمىگىنىڭ ھەقتۇر،
ۋە لېكىن ھاياتقا قايسى كۆز توقتۇر.
كېلىدۇ بىر كۈن ئەجەل تۇيۇقسىز،
قەدىرلە، ھايات بەكمۇ ئۇلۇقتۇر.

× × ×

ئۆزەڭچە مەڭسىتمەي ئۇششاق مۇرچىنى،
چاغلىدىڭ كىچىك دەپ قۇدرەت ــ كۈچىنى.
ئۇلارنىڭ غەيرىتى ھاياتقا ئۆرنەك،
ئۆملۈكتىن ھەر قەدەم زەپەر قۇچقىنى.

× × ×

مەنپەئەت دوست قىلدى ئىككى تۈلكىنى،
ئۆز ئارا ئۆچلۈكتۇر بىلسەڭ كۈلكىنى.
ھەزەر قىل، تۈلكىلەر ئالدىدى يامان،
بولدايدۇ بىر يولدا بىللە يۈرگىلى.

× × ×

ۋاپاغا تەشنا بوپ كەزدىم دەشتىنى،
دېدىڭسەن: بىلمەيسەن ۋاپا تەكتىنى.
ئىزلىسەڭ ۋاپانى سەن قىل ياخشىلىق،
كىشىلەر تېپىشسۇن سەندىن بەختىنى.

× × ×

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاتام دەر: «ئەمەلدار بولسا ئاق نىيەت،
دىلى شات پۇخرانىڭ، تارتماس ئەۋزىيەت.
قىلمىسا ئىدى دەپ قورقمەن شۇنچە،
بىز دىكى خوشامەت ئۇنى بەدنىيەت.»

× × ×

ياشاشنىڭ مەنىسى بولسا جان بېقىش،
قىيىندۇر مۇشكۇلگە تاقابىل كېلىش.
تۇغۇلار «خوشامەت» ئاتلىق بىر ئوغۇل،
مەقسەدى ئىگىلىپ قۇلچىلىق قىلىش.

## تۇيۇق

يامان ئىش چىقماس داغ، خۇي-پەيلىگەدىن يان،
ھۆرلۈكنىڭ يولىدا يالقۇن بولۇپ يان.
بىرلىكنىڭ كۈچىدۇر تەڭداشسىز ئۇلۇغ،
بىرلىشىپ ماگايلى دوستلار يانمۇ - يان.

# قەشقەر قىزى

ئابدىراخمان ساۋۇت

سەن كۈلۈپ بۇلبۇلغا ئوخشاش سايرىغىن قەشقەر قىزى،
ئىچ- ئىچىگەدىن ئۇرغۇتۇپ كۈي قايناغىن قەشقەر قىزى.

تاج قىلىپ ۋىجدان - غورۇرنى، ئوق ئۈزۈپ نا ئەھلىگە،
چىن ساداقەت ئەھلى بىرلە يايرىغىن قەشقەر قىزى.

سەن كەبى ئوتلۇق يۈرەككە ھۆر زامان ئاچتى قۇچاق،
كۆكتىكى چولپان بولۇپ چاقنىغىن قەشقەر قىزى.

سەن تاراتقان خۇشپۇراقتىن ئەل دىلى تاپسۇن شىپا،
ھۆر ۋەتەننىڭ كۆكسىگە گۈل تاقىغىن قەشقەر قىزى.



( هېكايە )

مۇهەممەت ئىمىن

1

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئۇلارنىڭ قىزغىن پارىڭىنى مېنىڭ ئەدەپ بىلەن بەرگەن سالىمىم ئۈزۈپ قويدى.

توختىكام ئۇسكىلەڭ قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ياپيا قاپاقلىرى ئۈستىگە چاپلىشىپ قالغان سامان ئۇۋاقلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، سالىمىمغا جاۋاپ قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!، ئۇكام!

ئۇنىڭ هەيران قالغان كۆزلىرىدىن مېنى دەماللىققا تونۇيالمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

توختىكامنىڭ سۆهبەتدىشى — ئوتتۇرا بويلۇق، ئورۇق، ئاق — سېرىق چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان، شالاڭ قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭقۇر كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى كادىر سۈپەت بىر كىشى ئىدى. ئۇ مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، « بۇ كىم ؟ » دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن توختىكامغا قارىدى.

— ۋۇي، ئالىمجانۇ سەن نەمە ؟ — توختىكام كۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئۇۋۇلىۋېتىپ، توساتتىن خوشاللىقىنى باسالمىغان هالدا ۋاقىرىۋەتتى ، — بىزنىڭ بۇ تەرەپكە ئايىغىڭ يەتمەس بولۇپ قالغان ئىدى . بۈگۈن قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ ؟

— قانداق بولۇپ كېلىپ قالاتتىم ؟ — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ ، — ئۆزلىرىنى بىر

يىلىغۇ كاتتا خادان ئاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئۆشـ
رىسىنى ئايرىلمايدىكەن دەپ كەلدىم، توختىكا!
— ها ! ها ! ها ! ... — توختىكام خۇشخۇيـ
لۇق بىلەن كۈلگەندە ، كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدىن
باشلانغان ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك سان ـ سا-
ناقسىز قورۇقلار قارا تۈك بېسىپ كەتكەن قۇ-
لىقىنىڭ تۈۋىگىچە كېڭەيدى ، ـ ئۆشرە
دېگەن سەندىن ئۆرگىلسۇن ، كۆتىرەلـمـ
سەڭ خامانىدىكى چەشنىڭ يېرىمىنى يىغىۋېلىپ
كەت !

تاغ كەينىگە قىسمىمىشقا باشلىغان قىزغۇچ
قۇياش نۇرىدا ئالتۇنىدەك چاقناپ تۇرغان
چەشكە قاراپ داڭقېتىپ قالدىم . ئەجىبا بۇ
راستىنلا توختىكام يالغۇز ئالغان بۇغداي بولـ
سا ـ ھە!...

بىر چاغلاردا « ئىسپانچىلار» قۇرغان گىپ-
زىتخانا « ئىنقىلاۋى كومىتېتى » نىڭ تاپـ
شۇرىغى بىلەن ئارا دۆڭنىڭ « چوڭ ياخشى
ۋەزىيىتى » توغرىسىدا بىر خەۋەر يېزىش
ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ ، ئۆز بېشىمغا بالا
تېپىۋالغان ئىدىم . ئۇ چاغدا مەن چىراييـ
نى غەم ـ قايغۇ بۇلۇتلىرى قاپلىغان، قاپىقى
چۈشۈپ كەتكەن ئەزالارنىڭ دۆلەتكە تاپشۇ-
رىدىغان باجغىمۇ يەتمىگىدەك دەپ مۆلچەر-
لەنگەن چەشنى چۆرىدىگەن ھالدا غۇلغۇلا قىـ
لىشقاتقانلىقىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن ئىكەنمەن.
ئەترەت باشلىقىنى بىر يانغا تارتىپ مەقسە-
دىمنى ئېيتسام ، ئۇ گويا تەڭقىسلىقتا قالـ
غاندەك بېشىنى چايقاپ ، مېنى توختىكامغا
تونۇشتۇرۇپ قويغان ئىدى .

— ساڭا راس گەپ كېرەكمۇ ياكى يالغان
گەپمۇ، ئۇكام؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى توخـ
تىكام كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك
كۆزۈمگە تىكىلىپ. — ئاڭلىسام مۇخبىر
دېگەنلەر كۆپىنچە گەپلەر كۆپرەك

ئەسقاتىدىكەنمىش، قېنى ئۆز ئەھۋالىڭـ
غا قاراپ بىر نىمە دەپ باققىنا، مەنمۇ شۇ-
نىڭغا قاراۋاراق ...
— نىمە دېگەنلىرى ئۇ ، توختىكا؟ — دە-
دىممەن دەسلەپ خىزمەتكە چىققان چاغلاردا
تەجرىبىسىزلىكتىن ھەر قانداق كىشىدە بولـ
دىغان سەمىمىلىك بىلەن ، ـ ئەلۋەتتە ،راس
گەپنى دەپ بېرىلا ـ دە !
— راس گەپ دىسەڭ ، مانا ئۇكام ئۆ-
زەڭ كۆر ! ـ توختىكام ئۇڭ قولىنى سوزۇپ
چالا سورۇلغان بىر دۆۋە چەشنى كۆرسەتتى،ـ
پۈتۈن ئەترەتنىڭ بىر يىللىق مەھسۇلاتى :
15 مىڭ جىڭ بۇغداي !
كۆز چەنىمچە شۇ چاغدىكى چەش دۆۋىسى
ئالاھىزەل توختىكام بۇ يىل ئۆزى يالغۇز
ئالغان بۇغدايدىن كۆپ پەرق قىلمايدىغاندەك
تۇراتتى . توختىكامنىڭ تونۇشتۇرۇپ بېرىـ
شى بىلەن مەن بۇ يەرنىڭ ھەقىقى ئەھۋالـ
نى سۈرەتلەپ بىر پارچە خەۋەر يېزىپ قو-
يۇپ ، « چوڭ ياخشى ۋەزىيەت » نى « خۇ-
نۇك » لەشتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ، رىجىم ئاسـ
تىدا ئىشلەپ ئىدىم، ئۆزگەرتىشكە ئارا دۆڭـ
گە پالانغان ئىدىم . توختىكام بالا ـ چاقىـ
سىنىڭ كۆپ ، قولىنىڭ ئۇزۇك بولىشىغا قا-
رىماي ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان ئىـ
دى. ھەش ـ پەش دېگىچە ئارىدىن بىر قانـ
چە يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئاقلاندىم ، ئۆز كەسـ
پىمنى يەنە تاپتىم ، لېكىن بۇ تەرەپكە ئۆ-
تۈشكە پۇرسەت بولمىغان ئىدى ...
— گېپىڭىزدىن قارىغاندىزە، يەنە بىر خەۋەر
يېزىۋېتەي دەپ كەپسەن ـ دە ! ؟ — خۇشچاقـ
چاق مىجەزىدە قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولمىـ
غان توختىكامنىڭ چاقچىقى خىيالىمنى بۆلـ
ۋەتتى .
ئارا دۆڭگە كېلىشتىكى ۋەزىيەم « ۋۇلا ـ

يەت بويىچە ئۇدا ئىككى يىل ئەڭ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىپ داڭ چىقارغان نۇقتىلىق ئائىلە توختىكامنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى يېزىپ كېلىش، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يۈرۈكۈمگە تۇساتتىن داتلىشىپ كەتكەن ئەلەم ھەسرەت تىغى سانجىلغاندەك بولدى ـ دە، دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىمنى بىلەلمەي بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم.

— ھەئە! ـ ئاخىرى ئاۋازىم شۇنداق بوش ۋە تىترەڭگۈ چىقتىكى، بۇنىڭدىن ئۆزەممۇ چۆچۈپ كەتتىم. ھەي، ئادەمنىڭ بىگۇنا تارتقان دەرت ـ ئەلەمنى ئۇنتۇپ قېلىشى ئاسان گەپ دەمسىز؟!

توختىكام شۇ تاپتا كۆڭلۈمدە نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، گويا ماڭا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك، قاتمال قوللىرى بىلەن مۈرەمگە ئاستاغىنا ئۇرۇپ قويدى.

— بۇ ئۇكام ئالىمجان بولسىمۇ، گېزىتخانا مۇخبىرى، ـ دىدى ئۇ سۆھبەتدىشىگە مېنى تونۇشتۇرۇپ، ـ ھېلىقى ”مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دا بىزنىڭ ئارا دۆڭنىڭ ”چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى» نى بۇرمىلاپ بىر پارچە خەۋەر يېزىپ قويۇپ، خېلى ”چېنىقىۋالغان» ...

ئۇ كىشى توختىكامنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى ۋە قولۇمنى قايتىدىن چىڭ قىسىپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قاراشلىرىدىن گويا: ”ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتتى، ئەمدى ئەندىشە قىلىشىڭىز ھاجىتى يوق ...» دىگەندەك بىر مەنا چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ گۆشپىزنىڭ شۆجىسى. ئابلىز شۆجى! ـ دىدى توختىكام ئۇ كىشىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ، ـ كەلگىنىڭگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، قانچە يىللاپ چالمىسىز يەتمىگەن ئىشلارنى ھەل قىلىپ بەردى!

مەن لاپپىدە ئابلىز شۆجىگە قارىدىم، ئۇنىڭ يۈزى ئۇيالتچان كىلىنچەكتەك ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە ”ئۇنداق ئەمەس» دىگەندەك قولىنى سىلكىدى:

— مەن تېخى ھېچنېمە قىلالىغىنىم يوق، خەلقنىڭ ئۈمىدى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ...

ئۇ تۇيۇقسىز سۆزىنى باشقا ياققا بۇراپ توختىكامغا دىدى:

— ماقۇل ئەمەسمۇ، ئەتە گۆشپىزنىڭ تىراكتورىنى ئېۋەتەي، دۆلەتكە سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىقىڭىزنى توشۇشۇپ بەرسۇن!

ئابلىز شۆجى ئۆزىنىڭ يەنە جىددى بىجىرىشكە تېگىشلىك بىر قانچە ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، توختىكام توختىتىۋالدى ۋە سامان ئاستىدىن ساغرىپ پىشقان بىر چىلەكنى چىقىرىپ دىدى:

— ھېچبولمىسا بۇنى يىچىپ بىرەي، يەپ كەت، ئۇكا!

— رەھمەت! ـ ئابلىز شۆجى ئۆزرەخالىق ئېيتىپ، توختىكامنىڭ شۇنچە تۇتۇۋالغىنىغا قارىماي، ئېڭىزلىقتىن چوڭ يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— كارامەت ئادەم جۇمۇ! ـ توختىكام گويا مېنىڭ بۇ يەردە بارلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، تاكى ئۇنىڭ قارىسى چوڭ يول بويىدىكى قويۇق دەرەخزارلىق ئارىسىدا كۆزدىن غايىپ بولغىچە قاراپ تۇردى ۋە ئاندا ـ ساندا ئاق سانجىلغان چىرايلىق كەكە ساقىلىنى سىپاپ ئىپتىخارلىنىش تەلەپپۇزى بىلەن دىدى، ـ شۇغىنىسى، كانايغا كەلگەندىزە ... ... ھەي، نىمە دىسەم بولار؟ ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ”كانىيى پۈتۈك كادىر» جۇمۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



— « كانىيى پۈتۈك كادىر » ؟ — مەن ھەيران بولۇپ سورىدۇم.

— ھە! — توختىكام مېنى ئەمدى ئېسىگە ئالـ خاندەك چۆچۈپ ئارقىسىغا قاراپ خىجىللىق بىـ لەن كۈلۈمسىرەپ قويدى — دە، سوئالىمغا جاـ ۋاپ بەرمەستىن گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى،- بىرنەچچە كۈن تۇرارسەن ، ئالىمجان ؟

— قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ مەھسۇلات ئالغانلىقلىرى توغرۇلۇق قانائەتلىنەرلىك گەپ قىلىپ بەرگىچە تۇرىمەن — دە !

— مانا بۇ گېپىڭ جايىدا ، تۆت — بەش كۈن تۇرۇپ ، راۋۇرۇس ئويناپ كەتمىسەڭ مەنمۇ قويۇۋەتمەيمەن — دە ! — توختىكام سېـ پى چىرايلىق نەقىشلەنگەن يېڭىسار پىچىقى بىـ لەن چىلگىنى پىچىپ ، بىر كاسىسىنى ماڭا ئۇـ زاتتى ، — ئۆز قولۇم بىلەن تېرىغان چىلگە، قېنى تېتىپ كۆرگىنە !

توختىكام چىلگىنىڭ يەنە بىر كاسىسىنى يوـ ناپ يېگەچ ، ئاغزى — ئاغزىغا تەگمەي سۆزـ لەپ كەتتى :

— ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، ئۇكام، ئوـ غۇتقا باغرى قانغان يەر بۇ يىل بولتۇرقىدـ دىنمۇ زىيادىرەك ھوسۇل بەردى . يېڭىلىق دېگەن كۆپ، قانچىلىك يازسەن دېسەڭ شۇنـ چىلىك يازالايسەن . بۇرۇنقىدەك تەڭقىسلىقتا قالماي ، گاچ — گۇچ بىر نەرسە دەپ بەرـ گۈچىلىك دەسمايىگە ئېرىشىپ قالدۇق !...

مەن ئېپىنى تېپىپ ، « كانىيى پۈتۈك كاـ دىر » توغرىسىدىكى گەپنى توختىكامنىڭ سېـ مىگە سېلىۋىدىم ، ئۇ سۆيۈنگەن ھالدا كۈـ لۈپ كەتتى :

— بۇنى سەن سۆيلىمىسەڭمۇ دەپ بېرىمەن، ئەلۋەتتە ! ئاۋال ئۆيگە بارايلى. باللارنىڭ ئانىسى تازا ئوخشۇتۇپ ھاردۇق ئېشى ئەتسۇن بەرسۇن ، قالغان گەپنى بۈگۈن ئاخشام ئايدىڭدا قانچە دېيىشىۋالارمىز...

## 2

يۇمشاق سامان ئۈستىدە ئاسمانغا قاراپ ياتىمەن . شۇ تاپتا ماڭا گويا پايانسىز كۆكتە جىمىرلىشىۋاتقان سان — ساناقسىز يۇلتۇزلار مەمۇرچىلىققا چۆمگەن بۇ يۇرت ھۆسنىگە تويـ ماي قاراۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى . تو- ساتتىن بىر يۇلتۇز يەر باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى ، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئارادۆك ھۆسنىنى ئېنىقراق كۆرگىسى كېلىپ قالغاندۇ؟

— ئۇخلاپ قالدىڭمۇ نېمە ، ئالىمجان؟ — توختىكامنىڭ ئاۋازى تەسەۋۋۇر ئاسمىنىدا پەرـ ۋاز قىلىۋاتقان خىيال كەپتىرىمنى شىپپىدە توخـ تاتتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مېنى يازىمەن دەپ ئاۋارە بولما ، يازساڭ « كانىيى پۈتۈك كادىر » نى ياز .

— ھېلىقى ئابلىز شۇجىنىمۇ ؟

— ھەئە ، ئۇنى ھەممىمىز « كانىيى پۈتۈك كادىر » دەپ ئاتايمىز . بۇ گەپ ساڭا غەلـ تە تۇيۇلىۋاتىدۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، توختىكا ، بۇنىڭ سىرىنى بايا تېنىلا بىلگىم كېلىۋىدى، لېكىن ئۆزلىرى...

— بۇنى چۈشىنىپ تۇرىمەن ، ئالدىرىما ئۇكام ، ئاۋال گېپىمگە قۇلاق سال . مەنمۇ دېھقانچىلىقتا قان-تەر دېگەننى ئايىمىدىم ، كۈچەپ ئىشلىدىم ، ئىككى ئوغلۇممۇ جانغا ئەسقىتىپ قالدى ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن زىرائەت ئوخشايدۇ دەپ ئويلىما . سۇ بىلەن ئوغۇت زىرائەتنىڭ خوجا ئاكىسى . سۇيىمىز قەدەر ئەھۋال يېتىشىدۇ . ئەمما ئوغۇت — زە ، تېـ پىلماسنىڭ خورمىسىدەك قىس. بولۇپمۇ ئىشـ لەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قوـ يۇلغاندىن كېيىن ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ ، ئوغۇتقا بولغان تەلەپ

كۆچۈيۈپ كەتتى . ئۆزەڭ بىلىسەن ، كەڭرەك
جاڭگىلىمىز يوق ، مال ـ ۋارانىنى كۆپ با ـ
قالمايمىز . قېيىنچىلىقتا نەدەك خېمىيەۋى ئوغۇتمۇ
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەرلەپ بېرىلىدى ـ
غان بولۇپ قالدى ، بىز دېھقان ئادەم كۆپ ـ
نى بىلىپ كېتەلمەيمىز ، ھەر قاچان بۇنى ئىش ـ
لەپچىقىرىش تەس بولسا كېرەك ، ھۆكۈمەت
يېتىشتۈرۈپ بولالمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ
ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمىز ، بىراق بەزىلەرنىڭ
بىز دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىلگەن ئوغۇتنى
ئارقا ئىشىكتىن ھايانكەشلەرگە دۆك سېتىپ ،
نەپ يەپ كەلگەنلىكىنى نەدىن بىلەيلى ؟ شۇ
ۋەجىدىن پارتىيە بىزگە بېيىش يولىنى كەڭ ـ
كۇشادە ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن تا ـ
غارنى ئىزمىداپ تىكلەپ قويغىدەك ئاش
ئالالماي كەلگەن ئىدۇق . بۇندىن ئۈچ يىل
بۇرۇنغۇ دەيمەن ، ناھىيىلىك پارتكومدىن ئا ـ
دەم كېلىپ ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈ ـ
رۈپ كەتتى ، ئۇزۇنغا قالماي ئابلىز دېگەن
ياش بىر يىگىت گۇڭشېمىزغا شۇجى قىلىپ
ئېۋەتىلدى ، بىز ئەمدى بۇ سويما يۇرتىمىز ـ
نى نېمە قىلىشىۋېتەر دەپ غەمگە چۈشتۈك . لې ـ
كىن كېيىنچە ئۇنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش قانداق ـ
تۇ بىر تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن يىگىت
ئىكەنلىكىنى بىلدۇق ، ھەي ، ئۇنىڭ
قايسىبىر ئىشىنى سۆزلەپ بەرسەم بولاركىن ؟
توختا ، ئۇنىڭ كانىيىنىڭ قانداق پۈتۈكلىكى
ھەققىدىكى ھېكايىنىلا ئېيتىپ بېرەي ، قاز ـ
داق دەيسەن ...

3

ئابلىزجان ھەققەتەن يارامىلىق ئەزىمەت
ئىكەن ، ئۇ گۇڭشېمىزغا كېلىپ ئۇھ دې ـ
مەيلا ، ھەممە كەنتنى دېگىدەك ئايلىنىپ چىق ـ
تى . بىز ئۇنىڭ ئوغۇت يېتىشمەسلىكتىن توق ـ
دان تۇتالماي مىسكىن ھالەتتە بوينىنى قى ـ
سىپ تۇرغان ئورۇق بۇغداي باشاقلىرىنى ،
شۇمشىيىپ قالغان كۆممە قوناقلارنى سىلاپ
ئىچى سىرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئىچ ـ
سىردىمىزنى يوشۇرماي ئېيتتۇق ، دەرت ـ ئەھ ـ
ۋالىمىزنى تۆكتۇق . قارىماسەن ، ئارىدىن
ئۇزۇن ئۆتمەيلا كارامەت بىر ئىش يۈز بەر ـ
دى : ئۇزۇندىن بۇيان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا
دۆلەت بىر تۇتاش تەمىنلەيدىغان خېمىيەۋى
ئوغۇتنى سېتىپ پايدا ئېلىپ سەمرىپ كەتكەن
سامساق سوك ـ سۆك بۇرنىدىن ئىلىنغان
كۈنىسىنىڭ ئەتىسى ئۇ ھېچ ھېيىقمايلا گۇڭشې
تەمىنات ـ سودا كوپراتسىيىسىنىڭ مۇدىرى ئاب ـ
لاتوڭنى ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىدى . بۇ ئىش
گويا توختام سۇغا قورام تاشنى ئاتقاندەك
گۇڭشې بويىچە چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى .
بۇرۇن ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا تىل قاراشقىمۇ
پېتىنالمايتۇق . نېمىشقا دېسەڭ ، بىز دېھقان ـ
لارغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ـ
نىڭ قولىدا ئىدى ، ئالدىدا غىڭ ـ پىڭ
دەپ قويدۇڭمۇ ، تۈگەشكىنىڭ شۇ ! تۇتىيا ـ
دەك ئەتىۋا بولۇپ كەتكەن چاغلىق خېمىيەۋى
ئوغۇت بىلەن دېھقانچىلىق دورىلىرىدىنمۇ قۇ ـ
رۇق قالاتتىڭ ، بېشىڭنى تاشقا ئۇرغىنىڭ
بىلەن بىكار ! بۇرۇنقى شۇجىگە ئەرز قىلساق ـ
مۇ ئاقمايتتى ، كېيىنچە ئۇ قىساقكونا شۇجىنىڭ
كانىيىنىمۇ مايلىنىپ قالغان ئىكەن . گۇڭشې بو ـ
يىچە يىغىن ئېچىلغان كۈنى ئوتتۇرىغا تارتىپ
چىقىرىلغان ھايانكەش سامساق سوك ـ سوك
ئابلىز شۇجىنىڭ سۆزىگە پايلىماي ئۇلار
ئوتتۇرىسىدىكى سىرنى پاش قىلىپ قويدى .
بۇ يەردە ئۇزۇن گەپنى قىسقارتىپ ، شۇ ھا ـ
يانكەشنىڭ ئىقرارىنى دەپ بەرسەملا كۇ ـ
پايە قىلار .

4

ــ ھەي ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەت ـ

www.uyghurkitap.com



كەن ئادەم ، — دەپ گېپىنى باشلىدى سامساق سوك — سوك ، — ئاخىرى بىر بالاغا تىقىلماي قالايدىكەن . مەن بېيجىڭ ، شاڭخەيلەردىن مال ئەكېلىپ سېتىپ ، ياڭجۇ قۇمىنى خېلى تومپايتقان ، لېكىن بارغا شۈكرى دېمىدىم. تېخىمۇ لوق — لوق پايدا ئېلىشنىڭ ئېپىنى ئىزدەپ يۈرگىنىمدە ، خېمىيىۋى ئوغۇتنىڭ بازىرى ھەممىدىن ئىتتىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم . چىقىمسىز پايدا دېگەن مانا شۇ — دە ! يول كىراسى ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ خەجلىمەيلا ، بۇ يەردىن قېپىنى 18 كويدىن ئالىدىكەنمىز ، ئۇ يەرگە ئاپىرىپلا 50 — 60 كويدىن ساتىدىكەنمىز ، بۇنىڭدىنمۇ ئەرزان قوۋزى تۇشقىدەك لوق گۆش نەدە دەيسىلەر ! لېكىن — زە ، بۇنى قولغا چۈشۈرمەكمۇ تەس بولدى . سودا — سېتىق ئىشلىرىدىكى تەجرىبەمگە ئاساسەن ھەممە ئادەمنىڭ كانىيىنىڭ تۆشۈك ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمايتتىم . بۇ قېتىممۇ يەنە شۇ ھۈنىرىم ئەسقاتتى . قىممەت باھالىق كاستيۇم — بۇرۇلكىلىق سارجا بىلەن بىر كۆينەكلىك ئېسىل شىفىلىڭ دۇخاۋىنى دەسسىسىپلىپلا ئابلا مۇدىرنى ئىندەككە كەلتۈرۋالدىم . بىر تونىدەك ئاق ئوغۇت ھەل بولۇپ قالدى . ھەش — پەش دېگىچە بىر تېزىنى ئون قىلدىم ، پۇلنى چۆنتىكىم توشقاندا ئابلا مۇدىرنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق ، ئەلۋەتتە ، تۆت كانايلىق ئۇننىڭدىن بىرنى كىرگۈزدۈم ، قارىسام ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ساق بىر ماشىنا ئوغۇت تەييار بولۇپ قاپتۇ . كېيىن سۈڭگۈتقان خوتەن گىلىمىگىمۇ ، قوش چىللالىق يابون سائىتىمگىمۇ، مىڭ كوي نەق پۇلىمۇ ئۆزيارىشىمىدا ئەلا سۈپەتلىك خېمىيىۋى ئوغۇتلار ئېقىن سۇدەك ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى . ئون تېزلىقى دېمەيلا — دېمەي پۇلۇمۇ ئىگىزلەپ — ۋەردى ، لېكىن بۇنداق ئامەتلىك كۈنلەرنىڭ ئۇزۇنغا بارماسلىقىنى نەدىن بىلەي ؟ مۇنۇ ئۇكام ، — ئۇ يەر تېگىدىن ئابلىز شۇجىگە ئەيىبىنىپ قاراپ قويۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى ، — قالتىس يامان بالىكەن ئەمەسمۇ! دەسلىۋىدە مەنمۇ ئانچە پىسەن قىلماي كەتمىگەن ئىدىم ، لېكىن ئىشىنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمىدىغان ئابلا مۇدىر بىر كۈنى ئاخشىمى ماڭا : »ئىش چاتاقتەك تۇرىدۇ ، ساماسقىغا يېڭى كەلگەن شۇجى بۇرۇنقى شۇجىمىزگە ئوخشىمايدىكەن . ئۇنىڭ ئەپلىزىدىن قارىغاندا چاۋىمىزنى چىتقا يايىغىنىمىدەك ، چېكىسىپ باقسام يېقىن كەلمەيۋاتىدۇ ...« دېدى . مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ : »بولدى ، ئۇكا ، بۇ ئىشنى ئۆزەم جۆندەيمەن . كىمنىڭ كانىيى تۆشۈك ئەمەس ، گەپ ئۇنى ئوبدانراق ياغلاشتا ...« دەپ پو ئېتىپتىمەن . ھەي ، ھەي ، تومشۇغۇمغا يەپ بولغاندا يەنە نېمىنۇ دەيتتىم ؟ بۇ ئۇكامنىڭ »كانىيى پۈتۈك كادىر« ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام ، تۈن قاراڭغۇسىدا غىپپىدە ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەن شۇنچە ئېسىل سوغاتلىرىم بىلەن ئۆز بوينۇمغا ئۆزەم سىرتماق سالاتتىممۇ ؟! ...

5

— »كانىيى پۈتۈك كادىر« دېگەن گەپنىڭ مەنىسىگە ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن ، ئۇكام! — توختىكام ئاللىقانداق ئىپتىخار ۋە سۆيۈنۈش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى ، — شۇنداق قىلىپ ، بۇ لەقەم ئابلىز شۇجىگە سىڭىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك . چاقچاق قىلساق خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ قويىدۇ . لىللا گەپنى قىلساق، »كانىيى تۆشۈك كادىر« بىلەن »كانىيى پۈتۈك كادىر« ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن ئاسمان — زېمىن پەرق بار ئىكەن . ھەقلىقى »كانىيى تۆشۈك كادىر « ئۆز قوسىقىنى

تومپايتىش بىلەن بولۇپ كەتكەن چاغلاردا قانچىلىك رودوپايلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. قىسقىسى، ھەتتا چاشقانلارمۇ ئۆيىمىزدىن يامانلاپ چىقىپ كەتكىلى تاس قالغان. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ شۇلارنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن گېپىمىزنى ئانچە-مۇنچە گۇللىغاندىن باشقا، دۆلەتكە تۈزۈكرەك ھەسسە قوشالماي، تىت ـ تىت بولۇپ كەلگەن ئىدۇق، «كانىيى پۈتۈك كادىر» كەلگەندىن كېيىن، غېمىمىزنى يەپ ئۈيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ بىر قات ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى ـ يۇ، ئەمما بىزگە قاتمۇ ـ قات ئەت قوندى، قەددىمىزنى رۇسلىۋالدۇق. ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇنىڭ شۇ خاسىيىتىدىن چەش دېگەننى تاغ قىلىپ قويدۇق. بۇنى قەيەرگە سىغدۇرۇشمۇ بىر گەپ.

ئەگەرچەندە، ئۇنىڭ كانىيىمۇ تۈشۈك بولىدىغان بولسا، ئۆزەڭ ئويلاپ باققىنا، بۇنچىلا ئامەت بىزگە نەدە تۇرۇپتۇ دەيسەن؟! شۇڭا بىزنىڭ ئەشۇ «كانىيى پۈتۈك كادىرىمىز»نى ئەلگە تونۇتساڭ ئادىللىراق بولارمىكىن دەيمەنا، ئۇكام!...

توختىكام بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى، ئويچان كۆزلىرىنى مەندىن يۆتكەپ، كۈمۈشرەڭ ئاي نۇرىدا چۈمۈلگەن پايانسىز ئېتىزلىققا تىكىلدى. ئۇ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن ـ تاڭ؟ مېنىڭ كۆڭلۈمنى بولسا بىر ئوتلۇق ئارمان توختىماي غىدىقلايتتى: مەن ئەتە تاڭ سەھەردىلا ئابلىز شوجىنى زىيارەت قىلىپ، ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇراي. گال قەلىمىدە يېزىلغان ئەرزىمەس خەۋەر ئابلىز شوجىدەك «كانىيى پۈتۈك» كادىرلارنىڭ تۆركۈم ـ تۆركۈملەپ مەيدانغا كېلىشىگە ئاز تولا تۈرتكە بولۇپ قالسا، ئەجەپ ئەمەس!

(بېشى 49 ـ بەتتە)

مۇنارىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم. شۇ دەم مېنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايسى بىر شائىرنىڭ مۇنۇ لىرىكىسى جاراڭلىدى:

« ھەر نەپەس كۆڭلۈمنى ئۆزىگە تارتار،
مۇھەببەت، سۆيگۈنىڭ بۇلىغى ھېيتگاھ.
قارىسام دەممۇ ـ دەم ئىشىق ئوتۇم ئارتار،
مەرىپەت ـ سەنئەتنىڭ ئوچىغى ھېيتگاھ.»

راست، سەن ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى سۇبھى ـ شام ئۆزەڭگە چىن مەھلىيا قىلىسەن!
راست، سەن مۇھەببەت ـ سۆيگۈنىڭ بۇلىغى، مەرىپەت ـ سەنئەتنىڭ ئوچىغى.

ئېھ، ھېيتگاھ! مەن شۇ دەم سېنىڭ جۈپ مۇنارىڭنىڭ ھەر بىر گۈل ـ نەقىشلىرىدىن، ھەر بىر خىشلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تۆھپىكار بوۋىلارنىڭ چىن ھالال مېھنىتىنى، ئۇلۇغلىقىنى كۆرمەكتىمەن! سېنىڭ كۆككە بوي سوزغان قامەتلىك بەستىڭدىن بىر باھادىرلىق سەزمەكتىمەن!

ئېھ، ھېيتگاھ! كەڭ، ئازادە قۇچىقىڭدا قانچىلىغان ئەل سۆيەر ئوغلانلارنىڭ ئىزى باردۇ؟! قانچىلىغان غېرىپ ـ يوقسۇلنىڭ ئاھۇ ـ زارى باردۇ؟ بەختىيار ھايات كۈيلەنگەن قانچىلىغان ئوتلۇق قىسسىلەر مۇجەسسەملەنگەنـھە! شۇڭا، سېنىڭ شان ـ شەۋكىتىڭ يازغانغا تۈگىمەس بۈيۈك داستان، ئوقۇغانغا تۈگىمەس تەرىپىڭ ئۇلۇغ قامۇس: گۈزەللىك جەننىتى، سېخىلىق داستىخانى!

ئېھ، ھېيتگاھ! ئەبەدى بۈيۈكسەن! ئەبەدى گۈزەلسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
Altunoq

# قەشقەر مۇھەببىتى

( نەسىر )

مۇھەممەت ئىمىن ئەخەت

«مەزرەئى لوتپى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشىق ئەھلىنىڭ قىبلە گاھىدۇر مازارى كاشغەر»

— گۇمنام

## مۇقەددىمە

ھەممە يەر باھار گۈزەللىكى بىلەن تولغان تاڭ سەھەر ... مەن قەدىمىي شەھەر بارچۇقنىڭ چەكسىز شاتلىققا تولغان ھالدا غەرپكە — ئېھتىزازانە گۈزەل قەشقەرگە قاراپ يول ئالدىم.

مانا ئالدىمدا پايانسىز كەتكەن سايلىقلار، سايلىققا ياندىشىپ ياتقان چوققىلار. مەن شىكەر كۆل ئۆتىڭىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەنجۈر يۇرتى ئاتۇشقا قەدەم باستىم. شۇ دەم مېنىڭ بۇرنۇمغا ساپ — سېرىق ياغدەك پىشقان شاھ مېۋە — ئەنجۈرنىڭ ھىدى كېلىپ تەگدى. ئەندى ئالدىمىزدا كۆز يەتمەس بۆك — باراقسان كۆجۈم مەھەللىلەر، مېۋىلىك باغلار، سالا — سالا مۇنبەت ئېتىزلار بىلەن ئورالغان ساپ ھاۋالىق يېزا — نەزەر باغ قۇچاق ئاچتى. پاھ! تەبىئەت بارچە گۈزەللىكىنى مۇشۇ زېمىنگە بەخش ئەتكەنمۇ نېمە؟!




مەن لىرىك ھېسسىياتقا ئەسىر بولغان ھالدا سۈيۈملۈك قەشقەر ۋادىسىغا ئاجايىپ گۈزەللىك بەخش ئەتكەن تۈمەن دەرياسىغا كېلىپ توختىغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن.

ئەسسالام ئانا دەريا — گۈلرەڭ تۈمەن!

## تۆمەن دەرياسى

مانا، ئىككى ياقىسى بۈك ـ باراخسان مەجنۇن تاللار بىلەن ئورالغان، پۈتكۈل قەشقەر ۋادىسىغا گۈزەللىك بەخش ئەتكەن شاۋقۇنلۇق ئانا دەريا ـــ سۆيۈملۈك تۆمەن. شۇ دەم ياش قەلبىمدە بۈيۈك تارىخىمىزنىڭ شانلىق گۇۋاچىسى ـــ تۆمەن دەرياسىغا بولغان ئوتلۇق مۇ ـ ھەببەت دولقۇنلۇنۇپ ئاقماقتا.

ئېخ، سۆيۈملۈك دەريا ـــ قەھرىمان تۆمەن!

مەن تۆمەن دەرياسىغا تويماي ـ تويماي قارىماقتىمەن. بارا ـ بارا خىياللىرىم مېنى تۆ ـ مەن توغرۇلۇق ئوتلۇق ھېسسىياتلارغا ئەسىر قىلدى.

ئېخ تۆمەن ـ ئۇلۇغسەن، بۈيۈكسەن!

سېنىڭ كۆمۈش لەۋلىك قىرغاقلىرىڭغا بىر چاغلار ئەل سۆيەر باھادىر ئوغۇل بۇغراخان كېـلىپ، ھۆسنىڭگە مەھلىيا بولغان، ئابىناۋاتتەك سۈيۈك ئۇنىڭغا ھوزۇر ـ ئىلھام بەخش ئەتكەن، بۈيۈك ئوغۇللاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، خىرقىتى، گۇمنام، نىزارى، تاشۋايلارغا ھەر تامچە سۈيۈڭ كۈچ ـ ئەقىل، تەڭداشسىز تالانت، ئوتلۇق ھېسسىيات بەرگەن ئەمەسمۇ؟! شۇڭا سەن ئۇلۇغ ھەم بۈيۈك!

سەن ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان باتۇرلارنىڭ شانلىق سىماسى، ئۇلۇغ جەڭنامە! سەندە ئەرك سۆيەر، ئەل سۆيەر، ۋەتەن سۆيەر قەشقەر قىزى، زۇلـۇم ـ زورلۇق قورغانىغا تىغ ئۇرغان نۇزۇگۇمنىڭ ئۆچمەس ئوبرازى مۇجەسسەملەنگەن، سېنىڭ ھەر بىر شاۋ ـ قۇنىڭدا ئۇنىڭ ياۋغا قارشى غەزەپ ـ قەھرى، تىغ كۆتۈرۈپ تارتقان نەھرى بار، مۇڭلۇق ئەيتقان ناخشا ـ قوشاقلىرى بار. سېنىڭ ھەر ـ بىر شاۋقۇنىڭدا ئازات ـ بەختىيار ھاياتىنىڭ، بەختىيار گۈزەل تۇرمۇشىنىڭ شانلىق كارتىنلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

ئېخ، تۆمەن! شۇڭا سەن بۈيۈك تارىخنىڭ شانلىق گۇۋاچىسى، قەھرىمانلىقنىڭ ئۇلۇغ جەڭنامىسى!

تۆمەن، ئاق، تۆمەن! شاۋقۇنلىنىپ، پايانسىز گۈلگە ئوراپ، كەڭ ئېكىنزارنى زەم ـ زەم كەبى سۈيۈڭ بىلەن تويۇندۇرۇپ، چۆل جەزىرىلەرگە ھايات بېرىپ گۈللەندۈرۈپ، ئۇلۇغ خەلقىمگە ھوزۇر ئاتا قىلىپ ئاق!

ئاق! سۆيۈملۈك دەريا، توختىماس ئېقىن! يىراق ـ يىراقلارغا ئاق!

## ئېزىزانە قەشقەر

ئەسسالام! ماڭا بىلىم بەرگەن نۇر قەشقەر، گۈل قەشقەر، ئېزىزانە جانىجان قەشقەر!... ئەزىمەت ئانىجان قەشقەر!...

مانا، مېنىڭ ئالدىمدا زەر نۇرغا كۆمۈلۈپ ياتقان گۈزەل شەھەر! سەن مۇشۇ ئازادە كەڭ

www.uyghurkitap.com



قويىنۇڭغا قانچىلىغان ئارزۇ - ئىستەكنى، ياۋغا قارشى قانچىلىغان غەزەپ - نەپرەتنى، ئۆز خەلقىڭگە بولغان چىن مۇھەببەتنى يىغقانسەن — ھە! سەن قانچىلىغان تاغ يۈرەك، شىر سۈپەت باھادىرلارغا بۆشۈك بولدۇڭ. شۇڭا سەن پۈتۈن ئالەمنىڭ بۈيۈك مۇھەببىتىنى ئۆزەڭگە مۇجەسسەملىگەن.

مەن چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھىسسىياتىم بىلەن سىنىڭ بەخت نۇرىدا چۆمۈلگەن كوچىلىرىڭنى ئايلانماقتىمەن. شۇ دەم ھەر كوچاڭدىن تۆھپىكار بوۋىلارنىڭ خاسىيەتلىك ئىزلىرىنى كۆرمەكتىمەن. شۇ ئىزلارنى، خۇددى ئۇلۇغ لىرىك شائىر گۇمنامدەك، كۆزۈمگە تۇتىيا قىلىپ سۈرمەكتىمەن. مەن ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت، شاتلىق، ئىپتىخار بارمىدۇ، ئەيتىقىنا، قەشقەر ؟!

قەشقەر، سەن شانلىق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ، كارۋان بۈيۈك يولىنىڭ يۈرىگىسەن، ئىلىم - مەرىپەت قەسرىنىڭ گىگانت ئالتۇن تۈۋرۈكىسەن، بۈيۈك ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئۇچىغىسەن، ئېزىز خەلقىمنىڭ ئارامگاھ قۇچىغىسەن، شۇڭا پۈتۈن ئالەمنىڭ نىگاھى سەندە!

ئېخ، قەشقەر! سەن سۆيۈملۈك، ئېزىز، ئۇلۇغسەن.

ئەيتىقىنا، قەشقەر! سەن مۇشۇ يېشىڭغا كەلگىچە قانچىلىغان خوشاللىقلارغا مۇيەسسەر بولدۇڭ؟! قانچىلىغان زۇلۇم - زوراۋانلىقلارغا دۇچار بولدۇڭ؟ ... سەن زۇلۇم - زوراۋانلىقلارغا قاچە باش ئەگمىدىڭ، بەلكى تېخىمۇ قەيسەر بولدۇڭ، سەن خەلقىڭگە قەيسەرلىك، باھادىرلىقنى؛ مۇھەببەت - نەپرەتنى ئۆگەتتىڭ. شۇڭا قۇچىقىڭغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ھەر بىر ئىنسان ۋۇجۇدىدىن قەھرىمانلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

مانا ئەجدادلار ئىزىغا ۋارىس بولغان تۈمەنمىڭ ئوغۇل - قىزلىرىڭ سېنىڭ قوينۇڭنى تېخىمۇ گۈللەش يولىدا كېلىچەك ئۈچۈن چېلىشماقتا! كامالتاپ، شان - شەرەپ قۇچ، شاتلان، ئېزىز قەشقەر، ئەزىمەت قەشقەر!

## گۈزەلسەن، ھېيتگاھ

قۇربان ھېيت كۈنى... سۈبھى......

مەن شادىيانە ياڭراق چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇنايىنىڭ ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا يېتىپ كەلدىم. يېتىپ كەلدىم - يۇ، ھەيران قالدىم. چۈنكى بۈگۈن ھېيتگاھ ئاجايىپ جانلىنىپ، باشقىچە بىر ئالەم بولۇپ قالغان ئىدى.

ۋاھ، بۈگۈن ھېيتگاھ مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، ياق، ئادەم دېڭىزىغا ئەمەس، ساماچىلار دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. يېقىملىق، جۇشقۇن ناغرا - سۇنايىغا تەڭكەش قىلىپ، قېرى - ياش ئەزىمەتلەر ساماغا چۈشكەن، مانا ھازىر بۇ يەردە چىن گۈزەللىك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانغا مەشھۇر بۈيۈك سەنئىتى، غۇرۇرى، ئىپتىخارى جەۋلان قىلماقتا. ناغرا - سۇنايدىن، گۈزەل - شوخ ئوينىلىۋاتقان سامادىن غايە - ئىستەكنىڭ، بەختىيار ھاياتنىڭ ساداسى ئۇرغۇپ تۇرماقتا. كىشىلەرنىڭ ئوتلۇق كۆزىدىن بەخت ئۇچقۇنى، ئەركىن، ئازات قوۋناق ھاياتنىڭ، بەختىيار تۇرمۇشنىڭ سىماسى گەۋدىلىنەتتى.

مەن نەزىرىمنى ئادەملەر دېڭىزىدىن ئاغدۇرۇپ، ئالەمچە مۇھەببەت، سۆيگۈ - ئىپتىخار بىلەن ئېزىز قەشقەرگە، ئۆزىنىڭ ئەزىمەت بەستى بىلەن چىن گۈزەللىك بەخش ئېتىپ تۇرغان، شانلىق تارىخنىڭ بۈيۈك كارتىنىلىرىنى ئۆز قوينىدا مۇجەسسەملىگەن سالتەنەتلىك ھېيتگاھ

(ئاخىرى 46 - بەتتە)

# سەھەردىكى چۈش

( نەسىر )

ئەھەت دەرۋىش

— سەن ئۇچالايسەن ، سەندە يۈكسەك قابىلىيەت ، بۈيۈك تالانت بار. سەن ئۇچقىن!

— ياق، مەن ئۇچالمايمەن ؛ مەندە سىلەر دىگەن قابىلىيەتتىن ئەسەرمۇ يوق.

— ئۇنداق دىمە ؛ ئادەمگە ھاۋادا ئۇچۇش نىمە دىگەن كۆڭۈللۈك ۋە شەرەپ ؟! سەندە بار قابىلىيەت بىزدە بولىدىغان بولسا ، بىز ھەش - پەش دىگىچە ئالەمنى ئايلىنىپ چىققان بولاتتۇق . قويغىنا سىنى ؛ قارىغىنا ، شۇنچە كېلىشكەن بەستىڭ بىلەن ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچساڭ ، جىمى جاھان سەن ئۈچۈن ئاپىرىن ئوقىمامدۇ ؟ دۇنياغا ئادەمنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچقىنى پەقەت سىنىڭ ئۇچۇشۇڭ ئارقىلىقلا نامايان بولىدۇ . ھەممىمىزنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن قانات قېقىپ، شامالغا قارشى، كۆكرەك كېرىپ، مەغرۇرانە ھالدا ئۇچ! جاھان سىنىڭ ئاجايىپ ماھارىتىڭنى ، ئۇلۇغ ئىدىرىكىڭنى كۆرسۇن . بىز ئەنە شۇ چاغدىلا سەندىن ئاجايىپ شاتلىنىمىز...

ئۆپچۆرەمدە مېنىڭ قانات ياساپ ئۇچۇشۇمنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرغانلار ماڭا ئۈمىتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇراتتى . مەن ئۇلارنىڭ : " شامالغا قارشى ئۇچ ! " دىگىنىنى ئاڭلاپ ، ئۆزەمدە تەڭداشسىز بىر كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم - دە ، گويا بۈركۈتتەك كىلا قاتتىق بورانغا قارشى قانات قېقىپ ئۇچماقچى بولۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدۈم . مەن راستىنلا ئۇچىۋاتىمەن . ھاي - ھاي ...... ھاۋادا ئەركىن قانات قېقىپ ئۇچۇش ئادەم ئۈچۈن نىمە دىگەن راھەت - ھە ؟!

مەن ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئالەم سەيىبەمىنى بىر ئايلىنىپ يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قوندۇم . ئەنە شۇ پەيتتە ، مەن ئۈچۈن بولىدىۋاتقان ھەددى - ھىساپسىز تەبرىكنامىلاردىن باشقا ، ئۇستىۋاشلىرىنى ۋە توپا - چاڭلارنى مەھبۇبلىرى ھەددىيە قىلغان كەشتىلىك ياغلىقتا ئېيتىپ كەتكەنلەرمۇ سانسىز ئىدى . ئۇلارنىڭ مەن ئۈچۈن قىلىۋاتقان شۇ پەيتتىكى ئىززەت - ئىكراملىرى سادداقەلبىمنى ھاياجانلاندۇرۇپ ، تېنىمدە ئەۋەلقىدىنمۇ ئارتۇق تۈگمەس بىر كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا قىلدى ، مەن بىردىنلا يوغۇناپ كەتتىم . قاناتلىرىم گويا قۇدرەتلىك قۇشنىڭ قانىتىدەك ناھايىتى كەڭ ۋە مەزمۇت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىرنا قىلىردىم قامىشانلىقكى جانىۋارنى يەردىن يۇلۇپ ئالغىنىدەك ھالەتكە يەتكەن ئىدى.

— ھەببەللى، سۇمرۇغ سېنىڭ ئالدىڭدا نىمە قىلسۇن؟ بۈركۈتلەر ھەمىشە خىزمىتىڭدە. ئامەت دىگەن مانا شۇ! بىز سېنىڭ بۇ يۈكسەك ماھارىتىڭنى مەغرىبتىن – مەشرىققا جاكالاۋاتىمىز. بىز سېنىڭ ماھارىتىڭ ئارقىلىقلا ئابرۇيلىقمىز. سېنىڭ بۈيۈك ماھارىتىڭنى باشقىلار ئۇنىڭىۋالغىلى ئاز قاپتۇ. ماھارەتنى يېڭىلاش ئىدراكلىق كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ بۇرچى! سەن ھەقىقى يېڭىتچىلىكىڭ بىلەن مەيدانغا چىقىپ، غۇرۇرىڭغا خاس مەردانىلىقىڭنى كۆرسەت!

ئەتراپىمدا ھېلىدىن بىرى مېنى ماختىغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ماڭا يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ماڭا شىردەك كۈچ – قۇۋەت بېغىشلاۋاتقاندا، مېنىڭ ماھارىتىم ئارقىلىقلا پەخىرلىنىدىغان بولسا، قولۇمدىن كېلىشىچە ماھارەت كۆرسىتىشكە تەييار بولىمەن – دىگەن بىر خىيال چاقماق تېزلىگىدە كاللامدىن ئۆتتى – دە، ئۇلاردىن مەسلىھەت تەرىقىسىدە:

— قانداق قىلسام ھېچكىشى قىلمىغان يېڭىلىقنى كەشپ قىلغان بولىمەن؟ – دەپ سورىدىم.

— سەن كوئىقاپقا كىرگىن. ئۇ يەر تىلسىمات ماكانى بولسىمۇ، لېكىن، زامانى ئەۋۋەلدە ئەۋلىيالاردىن ساھىپقىران ئۇ يەرگە كىرىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئاجايىپ يېڭى نەرسىلەرنى ئېلىپ چىققان ئىكەن. شۇڭا، ئۇ كىشى ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشمەي تەرىپلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئاجايىپ يېڭى، سەندە ھازىر ئۇ كىشىدىن يۈز چەندان ئارتۇق بىلىم ۋە قۇدرەت بار. شۇنداق تۇرۇغلۇق، يەنە شۇ يەرگە كىرەلمەسمەن؟ سەندىكى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئاجايىپ يېڭىلىق يارىتىمەن دىگەن ئىدىيە قېنى؟!

ئۇلار بىر – بىرلەپ كىشىلەر ئۈچۈن يېڭىلىق تۇيۇلىدىغان ئاجايىپ مەنالىق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا ئىدى. بىرسى بىر نىمە دىسە، يەنە بىرسى بىر نىمە دەپ ۋاقىرىشاتتى:

— ئۇ كوئىقاپقا كىرسۇن. ئۇ يەرگە كىرىش ئۈچۈن ئەڭ ئەۋەل باشقىچە يېڭىلىق بىلەن كىرىشى كېرەك. چۈنكى، ئىلگىرى كوئىقاپقا كىرگەن كىشى ئاتلىق كىرگەنمىش. ھازىر بۇ تۇرقىدا كىرسە، چوقۇم ئۇنىڭ تەكرارى بولىدۇ. شۇڭا باشقىچە ئۇسۇلدا بولغىنى ياخشى.

— ئۇنداقتا، قانداق قىلىمىز؟

— قانىتىنى قىرقىمىز.

— ياق، قانىتىنى بوغۇشلايلى.

شۇ ئەسنادا بىرسى بىردىنلا قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى – دە، «قانىتىنى قاتتىق بوغۇشلايلى» دىگۈچىنى ئاغزىدا بىر نىمىلەرنى پىچىرلاپلا تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تېنىمدە بىر ئاز شۈركۈنۈش پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئىلاجىسىزلىقتىن جىم بولىۋالدىم. ئۇلار مېنىڭ قانىتىنى مەھكەم تۇتۇپ، پەيلىرىمنى قىرقىدى. مەن تېخىمۇ تىگىرقاپ تۇرۇپ قالدىم ۋە:

— بۇنداق قىلساڭلار قانداقمۇ ئۇچقىلى بولىدۇ؟ – دەپ سورىدىم.

— كىشىلەرگە ئەڭ يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلىدىغىنى دەل مۇشۇ! مۇشۇنداق ئۇچقاندىلا كىشىلەر ئاندىن بۇ يېڭىلىققا ئىشىنىدۇ، – دىيىشتى – دە، مېنى يېتىلەپ مېڭىشتى.

— مېنى يېتىلەپ نەگە ئاپارماقچى سىلەر؟ مەن مۇشۇ يەردىنلا كۆتۈرۈلۈپ باقاي!

— ياق ، بۇ يەر خەتەرلىك ؛ ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ تاغنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتسەكمۇ ، چۈنكى ، كوئىقاپىنىڭ ئاغزى غاردىن باشلىنىدۇ.

ئۇلار مېنى يېتىلىگەن ھالدا ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاشلار ئارىسىدا كېتىپ باراتتى . تۇساتتىن بىرسى :

— بولدى ، مۇشۇ يەردە توختۇتۇپ پۇتىنى باغلايلى ، - دېدى.

— مېنىڭ پۇتۇمنى باغلاپ نېمە قىلماقچى سىلەر، پۇتىنى باغلاپ ، قانىتىنى قىرقىپ تاشلىسا قانداقمۇ ئۇچقىلى بولىدۇ ؟ - دېدىم مەن تولىمۇ سەبىلىك بىلەن.

— ۋاي دوستۇم ، ئەخمەق بولما . كۆڭلۈڭگە باشقا ئىشلار كەپ قالمىسۇن ، كوئىقاپ جىن ، دىۋە - پەرىلەرنىڭ ماكانى . بىز تېخى سېنىڭ كۆزۈڭنىمۇ تاڭماقچى . چۈنكى سەن دىۋە - پەرىلەرنى كۆرگەندە قورقۇپ كېتىپ قاچماقچى بولۇپ قالغىنىڭدا ، ئۇلار سېزىپ قالسا سېنى تۇتىۋالىدۇ - دە ، ھاياتىڭدىن قۇرۇق قالىسەن ! ئەگەر بىز كۆزۈڭنى تېڭىپ ، پۇتۇڭنى باغلاپ قويمىساق چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ . بۇنى بىلىشىڭ كېرەك ، بۇنى بىلىشىڭ كېرەك!

كۆز ئالدىمدىكى كىشىلەر بىردىنلا ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق تۈسكە كىردى . ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرى غاردەك ، ئىككى يۈزىدە ئىشەكنىڭ قۇيرىقىدەك ئۇزۇن - ئۇزۇن تۈكلەر دىڭگىيىپ تۇراتتى . قۇللىرى خۇددى تۆمۈر ئارىسىغا ئوخشاش ھەم ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بولۇپ ، ھەممىسى سۆرۈلۈك قىياپەتتە مەن تەرەپكە ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا بىرسى مېنىڭ پۇتۇمنى باغلىدى . بىرسى كۆزۈمنى قاتتىق تاڭدى . مەندە شۇ ۋاقىتتا ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا ھېچقانداق ئويمۇ پەيدا بولمىغان ئىدى . مەن ئۈمىت بىلەن گاھىدا ئۇنىڭغا ، گاھىدا بۇنىڭغا قارىغاندەك قىلاتتىم . لېكىن ، كۆزۈم تېڭىقلىق بولسىمۇ بىلىپ تۇراتتىمكى ، ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ ھەممىدىن ئىچكى ئېغىر مۇشەققەتلىك ھەممىسى مەن ئۈچۈن زورلۇق قىلىۋاتاتتى . ئىلاجىم قانچە ؟ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى مېنى ساق قويىدىغاندەك ئەمەس . ئەلھەكىمللا ! شۇ تاپتا مەن ئۆزەم يالغۇز ئەمەسمۇ ؟ ئۇلار مېنى زادى نېمە قىلماقچى ؟ نەگە كېتىپ بارىمەن؟

بىردىنلا ئالدىم تەرەپتىن غۇر - غۇر شامال بىلەن بەد - بۇي سېسىق پۇراق ئاغزى - بۇرنۇمغا كىرىپ كەتتى . كۆڭلۈم ئېلىشىپ ، بېشىم قېيىپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي ، ھامىنى ئۆلىدىغانلىقىمغا ئىشەنگەن بولسامۇ ، لېكىن ، ئەتراپنى بىر-بىر قۇر بولسىمۇ كۆرۈپ ئۆلۈپ كېتەي ، دېگەن نىيەت بىلەن قاتتىق ۋاقىرىدىم:

— مېنىڭ كۆزۈمنى يېشىۋېتىڭلار ، ئەتراپنى كۆرەيمەن ، مېنىڭ كۆزۈمنى يېشىۋېتىڭلار !

— ھا···ھا ··· ھا ··· كۆزۈڭنى ئېچىۋېتەمدۇق ؟ كېلىڭلار ماۋۇنىڭ ئادەم تونۇمايدىغان كۆزىنى ئېچىپ قويايلى !

ھېلىقى ئىنچىكە ، ئۇزۇن بارماقتىن بىر نەچچىسى كۆزۈمنىڭ قارچۇغىنى مىچچىدە تارتىۋېلىشى بىلەن تەڭ ، بىر نەچچە كىچىك قوللار ئارقام تەرەپتىن قاتتىق كۈچ بىلەن مېنى ئالدىمغا ئىتتىرىۋەتتى .

— بىلىپ قوي ، بۇ سېنىڭ ئاخىرقى ئۇچۇشۇڭ . بىز تۇرۇپ ساڭا ئۇچۇش نەدىكەن ؟ ئادەم بىلمەيدىغان ماھارەت دېگەن مانا مۇشۇ!!

ھە ، مانا ئەندى بىلدىم . ئۇلار مېنى ھالاك قىلماقچى بولۇشۇپتۇ . ئۆزلىرى قەدىرلەپ كەلگەن نەرسىدىن زېرىكىپ ھاڭغا ئىتتىرىۋەتكەندە ، ئۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بولغان پاجىئەسىدىن راھەتلىنىپ كۈلمەكچى بولۇشۇپتۇ . ئاھ خۇدا ! بۇ ئالەم مەن ئۈچۈن دەۋ-

www.uyghurkitap.com



زەخ بولدىڭىز؟ ئۇلار مېنىڭ ماھارىتىم ئارقىلىق قايسى يېڭىلىقنى ئوتتۇرىغا قويماقچى؟ تۇغرا، ئۇلار ئەسلىدە ئادەملىك سىنجىگە كىركەن ھايۋانلار ئىكەنغۇ؟ ئەندى بىلدىم. ئۇلارنىڭ ھايۋان تۇرۇغلۇق ئادەملەر قاتارىغا كىرىۋالغىنىنى بەكمۇ كۈلكىلىك. مۇشۇ يولدا ھايۋانلارغا خاس يەنە قانچىلىك قىلىقلارنى قىلغاندۇ؟ پارتلانسۇن، ئۇلارنىڭ «ئالىجاناپ» خىسلەت بىلەن تولغان كاللىسى!!!

پاچاقلانسۇن، ئۇلارنىڭ «مەردانىلىق» بىلەن قوپۇرۇلغان قۇرۇق گەۋدىسى!!!

تىك چوققىدىن چوڭقۇر ھاڭغا قاراپ موللاقلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان بولسامۇ، زەپتىم بىلەن كۆچۈنۈپ، پۇت - قوللىرىمنى ئازات قىلىپ يەرگە دەسسىدىم. شۇندىقتىمۇ، تىلىم كالۋالىشىپ: «ئادالەت، بارمۇ سەن؟ !!!» - دەپ قاتتىق ۋاقىرىغىنىمچە ئويغۇنۇپ كەتتىم!

دېرىزىدىن سىرتقا قارىسام، تىنىق ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. تولۇن ئاي غەرپكە قىڭغايغان بولۇپ، يېڭىلا تۇغۇلغان چولپان ئاي بىلەن ھۆسن تالاشقاندەك، شەھلا كۆزىنى جىمىرلىتىپ تۇراتتى. ئۆزەم قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە قارا تەرگە چۈمۈلۈپ كېتىپتىمەن. تىلىم ھېلىمۇ كالۋالىشىپ، ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنۇش ھېسلىرى چۇلغىۋالغان ئىدى. بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ھېلىدىن بېرى خىيال ئىكرانىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ چۈش ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ئۆز - ئۆزەمگە پىچىرلىغان ھالدا، چۈشۈمگە تەبىر بېرىشكە باشلىدىم:

جەمئىيەتتە تۈرلۈك خىياللاردىكى ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇلۇغۋارلىق دەرىجىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، پىداكار بولۇشقا تىرىشىدۇ. قانداق قىلىپ بولىسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە ماھارىتى ئارقىلىق، شان - شۆھرەت لەززىتىنى تېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆز ماھارىتىنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى قىممىتى باشقىلارنىڭ ماھارىتى ئالدىدا چېچىلىپ قالغاندا، ئۆزىگە كېلىۋاتقان شۆھرەتنىڭ يوقۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، باشقىلارغا تاپان - توزاق قۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك ھىلىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۆزى قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئىشقا باشقىلارنى ئىشتىراك قىلىپ، كېيىن ئۇ ئىشنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ۋە ياكى ھېچبولمىغاندا ئەشۇ غەلىبىگە ھەسسەت قىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ يوق دەمسەن؟ ئۇلاردىكى ئارزۇ كىشىلەرگە بەھىر بېرىش بولسىمۇ، لېكىن شۆھرەت قازىنىشتىن قىلچە يىراقلاشمىغان بولىدۇ. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆز ئىناۋىتىنىڭ كىشىلەر ئالدىدا باشقىلارنىڭ ماھارىتى ئارقىلىق يوق قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، تۈرلۈك نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، بار كۈچى بىلەن شۇ كىشىنى يوق قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەينەك كولبا ئىچىگە سولىقۇنۇپ قالغان بىر نىجاسەت چىۋىنى ئىكەنلىگىنى بىلمەيدۇ. باشقىلارنى يوقۇتۇش ھىساۋىغا ئېرىشكەن بەختلىك ھاياتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كولبا ئىكەنلىگىدىن بىخەۋەر. ئەندى ئۇلار ئەشۇ كولبا ئىچىدە ئەسەبىلەرچە تىپىرلايدۇ، ھەريان قاترايدۇ. چۈنكى، ئۇلار جان - دىل بىلەن ئەشۇ كولبا ئۈچۈن ئىشلىگەن. ئۇنىڭ تولىمۇ چىرايلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ھوزۇرلىنىپ يېتىشنى شەرەپ دەپ بىلگەن. لېكىن، ئۇلار كولبا ئىچىدە ئىلغاشقاندەك ياكى يېپىشىۋالغاندەك بىرەر نەرسە تاپالماي، ئۆزىنىڭ نىجاسەتلىرى بىلەن «چىرايلىق» كولبىنى سېسىق پۇسقا توشقۇزۇپ، ئاخىرى شۇ سېسىقچىلىقتا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ. بىر ئادەمنى قەستلەش ھىساۋىغا ئېرىشكەن ۋاقىتلىق كۈلكە كېيىنكى مەڭگۈلۈك يىغا ئۈچۈن ياماقمۇ بولالمايدۇ، بۇ بىر ھەقىقەتقۇ! - دىدىم - دە، «خۇدا شۇنداق ئادەملەردىن نېرى قىلغايسەن!» - دەپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم...

# گۈزەل شەھەر

(نەسىر)

مۇختار ئىبراھىم (بۈركۈت)

بۈگۈن ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق، خۇددى قاش تېشىدەك سۈزۈك. قۇياش ئۆزىنىڭ ئىللىق، زەر نۇرىنى قەدىمىي شەھەر — قەشقەرنىڭ كەڭ ئاسپالتلىق كوچىلىرىغا سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە.

مەن ھاياجان، شاتلىق، ئىپتىخارلىق ھېسلارغا چۆمۈلگەن ھالدا، شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن ئەتىگەننىڭ ئارامبەخش، ساپ ھاۋاسىدىن كۆكرىكىمنى تولدۇرۇپ، بەھوزۇر نەپەس ئېلىپ كېتىۋاتىمەن؛ ئۇزۇن يىللىق ھىجران پىراقىدا قەلبى سېغىنىش، ئىنتىزارلىق ئىلكىدە ئوت بولۇپ يانغان، ئاخىرى زارىقىپ كۈتكەن بەختلىك ۋىسال كۈنىگە ئېرىشكەن ئاشىقتەك، شاتلىق ئىچىدە ئۆركەش ياساپ كېتىپ بارىمەن...

ئايھاي ! كۆز ئالدىمدا ھەيۋەتلىك ھېيتگاھ جامەسى گويا لاتاپەتلىك گۈزەل قىزنىڭ نۇرلۇق جامالىغا ئوخشاش نامايەن بولدى. يۈرىكىم ئويناپ خۇددى قەپەزدىكى قۇشتەك شوخ تىپچەكلىدى... مەن ئالىمدەك يۈرەكتىكى ئالەمچە سۆيگۈ — ھېسسىياتلىرىمنى زورىغا بېسىپ، جامەگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلدىم:

جامە ئۈستىدىكى قوش مۇنار خۇددى يېڭىلمەس گىگانت ئادەمدەك بەستىنى تىك تۇتۇپ، قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ. بۇ مۇنار قۇياش نۇرىدا بەئەينى ئالتۇندەك پارلاپ، پۈتكۈل شەھەر مەنزىرىسىگە ئاجايىپ ھۆسۈن بەخش ئېتىپتۇ...

مەن، قەدىمىي بىناكارلىقنىڭ گۈلتاجىسى، يۈكسەك مەدەنىيەت، شانلىق تارىخنىڭ شاھىدى بولغان بۇ جامەدىن ئىشچان، ئېقىل-پاراسەتلىك ئەجدادىمنىڭ ئۇلۇغۋار سىماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم؛ قەلبىمدە ئۇلارغا بولغان ئىپتىخار، مېھىر — مۇھەببەت ئۆركەشلەپ، بارىكاللا ئېيتتىم...

مانا، ئالدىمدا سەرخىل گۈللەر بىلەن تولغان گۈلزارلىق؛ مەن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ، كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرىمەن.

قاراڭ، تۆمۈر رىشاتكا بىلەن چەمبىرەك شەكلىدە ياسالغان گۈللۈكتىكى ھۆپپىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن قىپ-قىزىل گۈللەر گويا ئوتقاشتەك چوغلىنىپ، جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇرماقتا. گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان گۈللەرنىڭ خۇش بۇي ھىدى كىشىگە چەكسىز

هوزۇر بېغىشلاپ ، يۈرەكنى سۆيۈندۈرمەكتە…

پاھ! نىمە دىگەن چىرايلىق ، خۇشپۇراق گۈللەر ـ بۇ !

ئېخ ، گۈزەل شەھەر ، ھۆسنىڭ نىمانچە گۈزەل ، باغرىڭ نىمانچە ئىللىق ـ ھە؟! مانا ، قارا : ئىللىق باغرىڭدىن ئورۇن ئالغان ھەيۋەتلىك ھېيتگاھ مۇنارى ، گۈزەل چىمەنزار گۈللىك سېنىڭ ھۆسنىڭنى تېخىمۇ گۈزەل ، رەڭدار ، نەفىس ۋە كۆركەم بوياقلار بىلەن بىزەپ ، سېنى ئاجايىپ گۈزەل ، لاتاپەتلىك تۈسكە كىرگۈزۈپتۇ .

ئەنە ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك زامانىۋى ئىمارەتلەر ، قەۋەتلىك سودا سارايلىرى ، قول سانائەت بىناسى ، ئاشخانا ، كىنوخانا ، رەستىلەر سېنى ئارىغا ئېلىپ ، قاينام ـ تاشقىنلىق بازار ھاسىل قىلىپ ، قوينۇڭنى تېخىمۇ ئىللىق ، تېخىمۇ ئاۋات قىپتۇ .

مانا، باغرىڭنى كېسىپ ئۆتكەن تۆت كوچاڭنىڭ كەڭ ئاسپالىت يوللىرىدا نۇرغۇنلىغان پىكاپ ـ ماشىنىلار خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتىشىپ يۈرمەكتە . بېشىغا يارىشىلىق چەمەن دوپپا كىيىشكەن قاۋۇل ، ئوت يۈرەك يىگىتلىرىڭ بىلەن چىرايلىق ھەم رەتلىك كىيىنگەن سۇمبۇل چاچلىق گۈزەل قىزلىرىڭ بەختىيار ھايات قوينىدا شات ـ خۇرام ياشىماقتا، گۈزەل باغرىڭنى سەيلى قىلىپ، سېنى قوشاققا قېتىپ ناخشا ئېيتماقتا ؛ ئۇلار ساڭا ئوخشاش گۈزەل دىياردىن سۆيۈنۈپ ـ پەخىرلىنىپ ، ئاشۇ لاتاپەتلىك گۈزەل ھۆسنىڭگە تېخىمۇ مەپتۇن بولماقتا…

ئەي ، گۈزەل شەھەر ـ قەشقەر ! سەن نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخقا ، قەدىمەتلىك ، باي، يارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمى شەھەر بولغانلىغىڭ ، ئىللىق قوينۇڭدا مەھمۇت قەشقەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارغا ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى ، تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئەدىپلەرنى يېتىشتۈرگەنلىگىڭ ، شۇنداقلا ، ئەمگەكچان ، باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، گۈزەل سەنئەتكە چېۋەر خەلقلىرىڭنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگىگى نەتىجىسىدە بۈگۈنكىدەك گۈزەل شەھەرگە ئايلانغانلىغىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر سەن ! ئاشۇ گۈزەل، نۇرلۇق جامالىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلىسەن !

سەن ـ خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ماكانى ، مىللىتىمىزنىڭ بويىنىدىكى ئالتۇن تۇمارى !

سېنى مۇشۇنداق گۈزەل شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ ، ھۆسنىڭنى ئالتۇن بىزەكلەر بىلەن كۆركەم ، لاتاپەتلىك تۈسكە كىرگۈزگەن ئىشچان ، سەنئەتكار خەلقىڭگە بارىكاللا! بەختىيار زامانىنى ئېلىپ كەلگەن ، پارلاق كېلەچەككە يېتەكلىگەن ئۇلۇغ كومپارتىيىگە بارىكاللا!

ئېخ ، گۈزەل شەھەر ـ قەشقەر ! ھازىرقى گۈزەل ھۆسنىڭنى كۆرگەن كىشى ئاشۇ لاتاپەتلىك ، نۇرلۇق جامالىڭغا قانداقمۇ مەپتۇن بولماي تۇرالىسۇن !؟ قاينام ـ تاشقىنلىق ھايات قاينىمىغا چۆمگەن ئىللىق قوينۇڭدا ياشىغان كىشى ئۆزىنى قانداقمۇ بەختلىك چاغلىماي تۇرالىسۇن ؟! سېنىڭ گۈزەل ھۆسنىڭگە ھۆسن قوشقۇزغان، قولدىن گۈل ياغدۇرىدىغان گۈزەل نەقىش سەنئىتىڭگە باي مىللىتىڭنى كىم ماختىماي تۇرالىسۇن ؟!

ئېخ ، گۈزەل قەشقەر ! شۇ تاپتا سەن كۆزۈمگە شۇنچە گۈزەل ، شۇنچە نۇرلۇق ، شۇنچە ئىللىق بولۇپ كۆرۈنىۋاتىسەن ؛ سەن

خۇددى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر بىلەن پۈركەل ـ
گەن جەننەت بولۇپ تۇيۇلماقتىسەن !

بىردىنلا مېنىڭ ئۇچقۇر خىيال كەپتىرىم
ئۆتمۈش قاراڭغۇ جەمئىيەتتىكى ھېيتگاھ مەي ـ
دانىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا قاراپ ئۇچتى . تە ـ
سەۋۋۇر ئېكرانىدا شۇ جاھالەتلىك كۆرۈنۈش ـ
لەر نامايەن بولۇشقا باشلىدى :

ئاشۇ قاراڭغۇ جەمئىيەتتە ھېيتگاھنى يوق ـ
سۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭراشلىرى قاپلاپ
كەتكەن؛ پۈتكۈل ھېيتگاھ مەيدانى يوغان
قوساق ، جازانىخور بايلارنىڭ ۋاقىراش ـ جا ـ
قىراشلىرى بىلەن تولغان . جۇل ـ جۇل كى ـ
يىملىك كىشىلەر ئاچلىق ، تاياق ـ توقماقتىن
ئىلاندەك تولغانسا ، قوللىرىدا سىم قامچا ،
توقماق تۇتقان ، ئىپلاس كىيىملىك باي ـ غو ـ
جاملار بۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىپ ، تەلۋىلەرچە
كۈلۈشەتتى . ئۇلار ھەر دىسىلا كىشىلەرنى بۇ ـ
لاپ ـ تالاپ ، مەيداننى قانغا بوياپ يۈرد ـ
شەتتى . بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل شەھەر ئىچى
ئەنسىزلىك ئىچىدە قالاتتى . ئۇ چاغلاردا بۈ ـ
گۈنكى ھېيتگاھ نەدىمۇ گۈزەل بولسۇن ؟
خەلق نەدىمۇ بۈگۈنكىدەك خوشال ، بەخت ـ
لىك تۇرمۇش كۆچۈرسۇن ؟

مانا، دۆلىتىمىز ئازات بولغان 35 يىل
مابەينىدە قەشقەر شەھرىدە ئالەمشۇمۇل ئۆز ـ
گىرىشلەر بارلىققا كەلدى . خەلق تۇرمۇشى
كۈنسېرى ياخشىلاندى . پارتىيىنىڭ توغرا
رەھبەرلىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلى ـ
يەتتە جاپالىق كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە
شەھەر قىياپىتى يېڭىلىنىپ ، بۈگۈنكىدەك گۈ ـ
زەل تۈسكە كىردى . نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇش ـ
لار ئېلىپ بېرىلىپ ، زامانىۋى ھەشەمەتلىك
قۇرۇلۇشلار قەد كۆتەردى .

ئەنە، قاراڭ! گۈزەل شەھەرنىڭ ئىسسىق
قوينىدا بەختلىك ـ ئاسايىشلىق تۇرمۇش كۆ ـ
چۈرۈۋاتقان خەلق شەھەر ھۆسنىنى تېخىمۇ
گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ئەنە، مىڭلىغان ئالىملار، ئىنژېنېر، پەي ـ
لاسوپ ، يازغۇچى ، شائىرلار بۇ گۈزەل دى ـ
يارنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلمەكتە ! ھەر
قايسى سەپلەردىن ـ زاۋۇت ، كان ـ كار ـ
خانا ، مائارىپ ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، يې ـ
زا ـ قىشلاقلاردىن كىشىنى خوشال قىلارلىق
مول ھۆسۇل خەۋەرلىرى يېتىپ كەلمەكتە؛
يېڭىلىق ـ كەشپىياتلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا
كەلمەكتە ...

مانا ، قاراڭ ! نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك
دوستلار ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ يەرگە يېتىپ كې ـ
لىپ ، دۇنيادا « مەرىپەت ئوچىقى » دەپ
ئاتالغان ئەزىزانە قەشقەرنى چوڭقۇر مۇھەب ـ
بەت ، قايناق سۆيگۈ بىلەن سەيلە ئەتمەكتە،
بۇ ئالتۇن دىيارنىڭ ھەر چىمدىم تۇپىسى ،
ھەر بىر گىياسىنى تۇتىيا بىلىپ ، كۆزىگە
سۈرمەكتە ...

ئەي ، گۈزەل قەشقەر ! مېھرى يالقۇن ،
ئەزىزانە شەھەر ! سېنىڭ قوينۇڭ كەلگۈسىدە
تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ ، باغرىڭدىن سۇ ئىچىپ
ئۆسۈۋاتقان كۆچەتلىرىڭ تېخىمۇ باراقسان ـ
لىشىپ ، سېنى يېشىل تونلارغا ئورىغۇسى!
مىللى سەنئەتكە چىۋەر خەلقىڭ سېنى ئاجا ـ
يىپ رەڭدار ، ئاجايىپ كۆركەم ، ئاجايىپ
نەفىس بوياقلار بىلەن بىزەپ، تېخىمۇ گۈزەل ـ
لەشتۈرگۈسى ! ئەمگەكچان ، ئەقىل ـ پارا ـ
سەتلىك خەلقىڭنىڭ تىرىششى ئارقىسىدا، سېنىڭ
قۇچۇغۇڭ كەلگۈسىدە ھەممە جەھەتتىن كاما ـ
لەتكە يەتكەن گۈزەل ماكانغا ئايلانغۇسى!

ئەي ، گۈزەل شەھەر ـ قەشقەر ! سېنىڭ
ھۆسنۈڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ نۇرلۇق ! سېنىڭ
ئەتەڭ بۈگۈنكىدىنمۇ گۈزەل ھەم پارلاق !!!

1981 ـ يىل، ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com



# ئامان بول، دېخان

(نەسرى شېئىر)

مەھەممەت ئەيسا

تامامى ئەھلى ئىنساندىن ئۇلۇغسەن قەدىردان دېخان؛ جاھان ئىچرە باياشاتلىق، گۈزەللىك ياراتقۇچى، پۈتكۈل ھاياتلىققا شەپقەت ـ شاپائەت قىلغۇچى ئەڭ ئېزىز مېھرىبان، دېخان.

ئاي ۋە كۈننى ئۈزەڭگە قىلىپ، تاغ ـ ئىدىر، چۆل ـ جەزىرىلەرنى چىمەنزار ـ گۈل قىلىپ، ئۇنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىۋاتقان، يەر شارىنى توختاۋسىز ئايلاندۇرىۋاتقان جانابى مۆھتىرەم قەھرىمان دېخان؛ ئېقىل ـ پاراستىڭ يۈكسەك، تەجرىبىلىرىڭ مول، سۆزلىرىڭ گويا گۈل ئۈستىدە شوخ سايراۋاتقان خۇشناۋا بۇلبۇل، قوللىرىڭدىن ئېچىلۇر دائىم دىل سۆيگۈچى گۈل، باغبان دېخان.

بارلىق ياخشى خىسلەتلەرنىڭ ئېسىل ساپاسى، گۈزەللىك پەرۋانىسى، ئىنسانلارنىڭ مەردانىسى ئانىجان دېخان. قولۇڭدا ئويناپ تۇرار ياخشى ھەرىكەت، داستىخىنىڭغا تولغان دائىم نازۇ نېمەت، ھۆرمىتىڭ چوڭ ئالەمشۇمۇل شانۇ ـ شەۋكەت، كۆڭلۈڭ سۈتتەك ئاپپاق سېنىڭ دەرھەقىقەت، سېنىڭ ماڭلاي تېرىڭ بارلىق مالۇ ـ مۈلكەت، مېھنىتىڭنى كۈيلەپ يازاي داستان، دېخان.

پەيغەمبەرلەرنىڭ تاجى، سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى، شائىرلارنىڭ ئىلھامى، قاراڭغۇ تۈننىڭ چولپانى سەن دېخان. ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر، سۇلتانلار، ئالىملار سېنىڭ ئەجرىڭدىن يارىتىلغان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزگەن، كەسپىنى راۋاجلاندۇرغان، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئەجدادى سەن دېخان.

كۈندۈزى قۇياش بىلەن بەسلىشىپ، ئۆز مېھنىتىڭ بىلەن قۇياشنى خىجىل قىلغان، كېچىلەردە تەشنا گىيالارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېتىز ئارىلاپ، سۇ ياقىلاپ چولپاننى خىجىل قىلغان، زىرائەتلەر تېرىش ئۈچۈن سەرتانلاردا كۆيۈپ ـ پىشىپ يەر باغرىنى تىلغان، توختاپ قالماي بېسىپ ئۆتكەن تۈمەن تاغ ـ داۋان، گاڭ بىلەك، پولات كۆكرەك، ئوت يۈرەك پالۋان دېخان.

قېنى، قايسى سۇلتان، قايسى ئالىمنىڭ ئۈستىگە ئارتقىنى ۋە كۈمۈش چوكا بىلەن ئېغىزلىرىغا تارتقىنى سېنىڭ قولۇڭدىن چىقماپتۇ؟ قېنى قايسى شائىر، قايسى ئەدىپ سېنىڭ نېمەتلىرىڭنى ئۆزىنىڭ نەسىر ـ نەزمىلىرىگە قاتماپتۇ؟ قېنى، قايسى تارىخ باتۇرانە كۆرەشلىرىڭنى يىللار

تا ئەزەلدىنلا "يىپەك يولى" دېگەن نامىڭ ئۇلۇغ،
«ساچىيە مەدرىسى» دەك مىڭلاپ بىلىم كانىڭ ئۇلۇغ،
مول مىراسىڭ، ھىممىتىڭ ھەم قىممىتىڭ، بارىڭ ئۇلۇغ،
تەكشىلىك يوقتۇر جاھاندا، شۆھرىتىڭ ـ شانىڭ ئۇلۇغ،
كار قىلالماس قانچە ـ قانچە زور قىيان ـ توپان ساڭا.

مەرىپەتنىڭ ئاسمىنىدا نۇر چاچار چولپانلىرىڭ،
كانىدۇر مېھنەت، ئىجاتنىڭ تاغ ـ دالا بوستانلىرىڭ،
چوڭ يۈرۈشتە بەيگىگە چۈشتى ئېسىل تۇلپارلىرىڭ،
كېلىسە يات قۇزغۇن، قىلار گۇم چېگراچى شۇڭقارلىرىڭ،
قەلبىدە مېھرى ـ مۇھەببەت زور دېڭىز ـ ئوكيان ساڭا.

جەڭ ـ چېلىش دولقۇنىنىڭ ئەۋجىگە چۆمدى ھەممە يەر،
يەڭ تۈرۈپ ئات سالدى جەڭگە مىڭلىغان مەردانە ئەر،
يوللىبان ئەلگە قەدەمدە شان ـ زەپەردىن خۇشخەۋەر،
گۈللىنىپ باغرىڭنى ئىشتا، ئاققۇزۇپ قويىنۇڭدا تەر،
سوۋغا يوللار مېھنىتىدىن ئىشچى ھەم دىخان ساڭا.

كەلگۈسى ئالتۇن قەسرىنىڭ ھۇلىنى مەھكەم قۇرۇپ،
جەڭدە سادىر، نۇزۇگۇم روھىنى جارى قىلدۇرۇپ،
ھەر قەدەمدە ۋەھشى ياۋنىڭ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇپ،
قەھرىمان ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ۋارىس بولۇپ،
باغلىغان رىشتىنى مەھكەم بارچە قىز ـ ئوغلان ساڭا.

پەن سۆيەر ئەۋلات ئۈچۈن ئاچقاچقا سەن كەڭرى قۇچاق،
ئىلىم ـ ئىرپان ئاسمىنىدا چاچتى نۇر مەشئەل ـ چىراق،
چوڭ نىشانىنىڭ مەنزىلى ئەمدى كۆرۈنمەس ھېچ ـ يىراق،
چىن يۈرەك ئىلھامى نامىڭ، سەن ئىجات كانى ـ بۇلاق،
شائىرىڭ يازغاي بېغىشلاپ قانچە ـ كۆي داستان ساڭا.

جەڭگىرى دادىل مېڭىپ توسقۇن ـ خەتەرنى چەيلىدىڭ،
سەن بۇ يولدا تا ئەزەلدىن چارچىماس تۇلپار ئىدىڭ،
شان قۇچۇپ ماڭغان ئىزىڭغا بولدى تارىخ شاھىدىڭ.
ئىنتىزار ـ تەشنا بولۇپ ئىقبالىغا پەرۋاز ئەيلىدىڭ،
يۈز ئاچار ئالدىڭدا پارلاق كەلگۈسى دەۋران ساڭا.

كېچە- كۈندۈز تۈرمەن قولغا قورالىمنى ئېلىپ،
زۇلپىقارىم بىرلە دۈشمەننىڭ يۈرەك - باغرىن تىلىپ،
ياۋغا باش ئەگمەي ئەبەت مەغرۇر تۇرۇپ جەڭلەر قىلىپ،
تۇپرىقىڭنى خۇددى كۆزنىڭ گۆھىرى ئوخشاش بىلىپ،
قوغدىغايمەن جان تىكىپ، كۆكسۈم پولات قالقان ساڭا.

يار - يۆلەك بولدى داۋاملىق ئوت يۈرەك خەلقىم مېنىڭ،
ھەم جىنى ئالەمدە باردۇر قولدۇشۇم - قولچۇم مېنىڭ،
شۇ سەۋەپ جىسمىمدا ئۇلغايدى قۇۋۋەت - كۈچۈم مېنىڭ،
ئانىلىق ئەجرىڭنى ئاقلاش ئەڭ ئۇلۇغ بۇرچۇم مېنىڭ،
ياش جېنىم بولسۇن تەسەددۇق، بارلىقىم قۇربان ساڭا.

# پۇشايمان

لوقمان ئىمىن

ئايا دوستلار، كۆرۈڭ مەندىن ئاجايىپ بىر پۇشايماننى،
كۆزۈمدىن سەل بولۇپ ئاققان ئەلەملىك ياش بىلەن قاننى،
تۆكەي سىزلەرگە بىر - بىرلەپ ئىچىمدىن دادۇ-ئەپغاننى،
بايان ئەيلەي بۇ دەردىمنىڭ سىرىنى-ئەسلى جەرياننى،
نىمە شۇنداق خاراپ قىلدى مېنىڭدەك باتۇر ئوغلاننى؟!

ئىدىم ئەسلى قىران بىر ئەر، تامام ئەزالىرىم ساپ - ساق،
يىراقتىم ئەسكى ئىللەتتىن، دىلىمدا ھېچ كىرىم يوق ئاق،
ماڭا خوشنا ئىدى شۇل چاغ ئېتى ھاشىم دىگەن ئاخماق،
ئۇنىڭ كەسپى ئىدى تىنماي تاماكۇيۇ - نىشە تارتماق،
ئاڭا شاگىرت بولۇپ مەنمۇ ئۆگەندىم ئەشۇ نۇقساننى.

چىگەر بولدۇم راسا، شۇندىن بېرى چوڭقۇر قىلىپ ئىخلاس،
ئۇنىڭسىز بولدى گوياكى مېنىڭ ھېچبىر ئىشىم ئاقماس،
تاماكۇ گاھىدا چەكسەم، چېكەر بولدۇمكى ھەتتا ناس،
چېكىپ ھەم نىشەنى نەچچە قېتىم قالدىم ئۆلەرگە تاس،
يېتىپ ئازگالدا مەس، كۆردۈم چىقىپ ئەرشنى - ئاسماننى.

ئۇ دوستۇم يوق بولۇپ ياندا مۇبادا ئۆتسە بىر سائەت،
ئۇياق ـ بۇياققا چاپتىم مەن، پەقەتلا قىلمىدىم تاقەت،
مانا شۇل ئامرىغىم ئاخىر ئۆزۈمگە بولدى بىر ئاپەت،
بېشىمغا سالدى كۆپ ئاغرىق ئازاۋى بىھىساپ ـ كۈلپەت،
تەرەپلەپ چىرمىدى ھەر خىل كېسەللىك ئەمدى بۇ جاننى.

يىگىرمە نەچچە يىل چەكتىم، كىرىپتۇرمەن قىرىق ياشقا،
ئېغىر ئاغرىق يېتىپ كەلدى مانا ئەمدى بۈگۈن باشقا،
يەنە يار بەرمىدى كۆڭلۈم تېخى بۇ نەسىنى تاشلاشقا،
ئازاپىنىڭ ئىلكىدە يىغلاپ كۆزۈم لىق تولسىمۇ ياشقا،
قۇتۇلماققا قىلىپ كۆردۈم لېكىن مىڭ چارە ـ ئىمكاننى.

ماڭا ئۇ نەشتىرىن سانچىپ ئازاپلايدۇ داۋام قىيناپ،
كېچە يۇ ـ كۈندۈزۈم ئۆتتى چېكىپ ئاھ ـ زارلىنىپ، ئىڭراپ،
كىشىگە ئۇيقۇ بەرمەيمەن خورازدەك قىچقىرىپ ـ چىللاپ،
بېشىمدا بالىلىرىم نەچچە بېرىشتى رازىلىق يىغلاپ،
تىنالماي ئاتقۇزار بولدۇم ھەمىشە ئولتۇرۇپ تاڭنى.

ئۇزۇندىن كۆپ داۋالاندىم بېرىپ شاڭخەيگىچە تاكى،
دېدى دوختۇر جەمى جايدا "كېسەللىك ئۆپكىنىڭ راكى"،
قىلىپ ئوپېراتسىيە كەستى يېرىم ئۆپكەمنى ھەتتاكى،
شىپاسى بولمىدى، بۇ نەس ئەجەلمۇ بىلمىدىم ياكى،
تاپاي قايدىن مېنىڭ ئاجىز تېنىمگە ئەمدى دەرماننى؟

پايانسىز بۇ جاھان ھازىر مېنىڭچۈن شۇنچە تار بولدى،
ئاخىر بۇ شۇم كېسەل مەندىن ئېزىز جاننى ئالار بولدى،
سەبى پەرزەنتلىرىم بىرلە جۇدالىققا سالار بولدى،
ئىلاجىم يوق كېتەر بولدۇم، ئۇلار يىغلاپ قالار بولدى،
"ئاتام" دەپ زارۇ ـ زار يىغلاپ تاۋاپ ئەيلەپ گۆرىستاننى.

ئېلىپ ئىبرەت بۇرادەرلەر بۇنى ھەرگىزمۇ چەكمەڭلار،
ئەشۇ ھاشىم كەبى ئۆزگە كىشىگە ھەم ئۆگەتمەڭلار،
ئەگەر دە دوست ـ يارانلار چېكەركەن، قەتئىي چەكلەڭلار،
ئۆزۈڭلار ئۆز كۆزۈڭلاردىن ئەلەم يامغۇرى تۆكمەڭلار،
ئۆلۈمنىڭ ئالدىغا باشلار ئىكەن بۇ رەزگى، ئىنساننى.

# تومۇزغا ھەققىدە لىرىكا

مەھەممەتجان ئەمەت

كۆندۈزدە ناخشاڭ يوق، قايدا سەن؟
كەچتىلا باشلايسەن ناخشاڭنى .
ئېيتىقىنا، ئۆتكۆزدىڭ قانچىلىك —
ئايدىڭ ۋە بۇلۇتلۇق ئاخشامنى؟

ئۇخلىماي ئىجاتكار تىڭشايدۇ ،
زوقلىنىپ تۈنلەردە كۈيۈڭنى .
سۆرەتكە ئالىدۇ قەلەمكەش ،
يۇلتۇزلۇق كەڭ دالا - تۆيۈڭنى .

ئوتتۇنچى جۆر بولۇپ ياڭرىتار،
جاڭگاللاردا مەزمۇنلۇق ناخشىلار .
ئاڭلايدۇ ئۇيقىدىن ئويغۇنۇپ ،
تۆزكەتكەن بىپايان داللار .

شۇ ناخشاڭ خىتاپىۇ بىزلەرگە ،
ئويغاندىم ئۇيقىدىن پۈتۈنلەي .
ئاڭلايمەن ئۇزاقتىن - ئۇزاققا ،
خىيالىم تۈگۈنى يېشىلمەي .

ياڭراتقىن تومۇزغا ناخشاڭنى ،
ئانىمىز خانتەڭرى ئاڭلىسۇن .
ناخشاڭغا قوشۇلۇپ كەچ - سەھەر ،
كۆيلىرىم ئەل ئارا ياڭرىسۇن .

سايرىشىڭ تۈگمەس لىرىكا ،
ئارماندا ناخشامغا قاتالماي .
قەلىمىم قولۇمدا بىدارمەن ،
ئىلھامىڭ كۆچىدىن ياتالماي .

# ئەلۋىدا

(پېشقەدەم شائىر ، مەرھۇم نۇرمۇھەممەت ئېركىگە بېغىشلايمەن)

مۇقەددىر ساھىت

باھاردىن دەۋرىمىز تاپقاندا بەركى
بۇلبۇللار بوستاندا قىلغاندا مەركى،
ھاياتنى ۋاقتىسىز ئەيلىبان تەركى،
سىز قايان كەتتىڭىز ئاكىجان ئەركى ؟

بىلمەن سىز باسقان داۋانلىق يولنى،
مەرىپەت بېغىدا ئوينىغان رولنى.

دەرىغا ! سىقىشماي ئاداققى قولنى،
كەتتىڭىزسىز قايان ئاكىجان ئەركى؟

ئۇچراشقان يېقىندا ئىكرام كۆزىمىز،
ئامانلىق سوراشقان تېخى ئۆزىمىز.
تۈگمەي تۇرۇپلا تىلدا سۆزىمىز،
سىز قايان كەتتىڭىز ئاكىجان ئەركى؟

AltunOq

ئاڭلايتتىم زوق بىلەن ئاۋازىڭىزنى،
يېقىملىق ناخشىڭىز ـ خوش سازىڭىزنى.
كۆرگەندە قايتىدىن پەرۋازىڭىزنى،
سىز قايان كەتتىڭىز ئاكىجان ئەركى؟

باشلىغان ئىشلارنى تېخى تۈگەتمەي،
بىزلەرگە شېئىردىن ساۋاق ئۆگەتمەي،
كۆڭۈلگە پۈككۈلگەن مەخسەتكە يەتمەي،
سىز قايان كەتتىڭىز، ئاكىجان ئەركى؟

تۈگەپتۇ دۇنياغا تۇتقان سەۋرىڭىز،
ۋە لېكىن ئۇنۇتماس نەۋرە ـ چەۋرىڭىز.
گۈل بىلەن يېپىلغاي غېرىپ قەۋرىڭىز،
خەيىر-خوش، خوش ناۋا غەزەلخان ئەركى.

تاشلىماي سىز تۇتقان جەسۇر قەلەمنى،
ئۇلۇغلاپ سىز كەبى ئىقبال ـ سەنەمنى،
ماڭىمىز چىڭ تۇتۇپ تۇغنى ـ ئەلەمنى،
تىنچ يېتىڭ، ئەلۋىدا، ئاكىجان ئەركى.

# گۈل سېكىلى

مۇختەر خېلىل

## قىزىل گۈل

قىزىلگۈلنىڭ خىسلىتى تولا،
خۇشپۇرىقى يۈرەككە داۋا.
تاڭدىن شامغا گۈلخۇمار بۇلبۇل،
گۈل تۈۋىدە قىلىدۇ ناۋا.

قىزىل گۈل ۋە بۇلبۇل ئىشقىنىڭ ـ
تەرىپىنى قىلار ھەر كىشى.
مەنبۇ گۈلنىڭ ئاشىقى بولۇپ،
شۇ بۇلبۇلنىڭ بولاي تەڭكىشى.

## لەيلىگۈل

ئاق لەيلىدىن ـ قىزىل لەيلىدىن،
گۈلشەن بولدى دىخان ھويلىسى.
ئۇ تۇغۇلغان قىز نەۋرىسىگە،
«لەيلىگۈل» دەپ ئىسىم قويغۇسى.

ئېچىلمايدۇ تاڭ ياكى كەچتە،
چۈش مەزگىلى ئېچىلار لەيلى.
پېشانىسى ئۇڭ بولۇپ قىزنىڭ،
لەيلى گۈلدەك ئېچىلسا مەيلى.

## ھەشقىپىچەك

سۇلمايدۇ چىن مۇھەببەت گۈلى،
ھويلامدىكى ھەشقىپىچەكتەك.

كېپىنەكقۇ قونۇپ يۈرۈيدۇ،
بولغاچ باشتىن شۇنداق كۆڭۈلچەك.

www.uyghurkitap.com



## پىچان گۈلى

تېردىمايدۇ پىچاننى كىشى،
پەرۋىش كۆرمەي ئۆسىدۇ قىرگە.
ئاچار چېچەك باھاردا تۇنجى،
بولماس نېسىپ لېكىن تەسۋىرگە.

ئېتىز قىرى پىچان بىلەن چىلك،
بولار پىچان ماللارغىمۇ يەم.
تەمەنناسىز پىچان گۈلىدەك،
تۆر تالاشماس كىبىرسىز ئادەم.

## ئەتىرە گۈل

ئەتىر گۈلگە قولۇڭ ئۇزاتتىڭ،
"ۋايجان!» دېدىڭ سانچىلغاچ تىكەن.

تەنتەكلىكنى تاشلىيالمىساڭ،
گۈلدىن زەربە يېگىنىڭ-يېگەن.

## قاراگۈل

باغدىن ھەرخىل گۈزەللىك ئىزدەپ،
كۆردۈم ئاق، كۆك، قىزىل، سېرىقنى.
گۈل ئايلىنىپ كۆردۈم قارا گۈل،
"ئۆزى قارا، مېھرى ئىسسىق» نى.

شۇ گۈل باركى كونا ئۆتۈكمۇ،
رەڭگى ئۆڭمەي چاچىدۇ شولا.
رۇخسارى ئاق، كۆڭلى قارادىن،
قارا كۆزلۈك "قارا گۈل» ئەلا.

## تاجىگۈل

گۈلزار دېگەن گۈللەرنىڭ يۇرتى،
تاجى گۈلدۇر - گۈللەر تاجىسى.

ئۈنۈۋاپتۇ يانتاق يېنىغا،
يوقمىدۇ يا باغۋەن قايچىسى؟!...

## دالا گۈلى

يۇلتۇزدىن كۆپ گۈزەل ئۆلكەمدە،
باغ گۈللىرى، دالا گۈللىرى.
تاغلىرى گۈل، يايلاقلىرى گۈل،
قۇرۇق ئەمەس ھەتتا چۆللىرى.

دالا گۈلى-كۆكلەم ئاشىقى،
يېشىللىقلىق ۋەتەنگە زىننەت.
گۈزەللىك ھەم گۈللەرگە ئامراق،
غەيۇر خەلقىم-سۆيۈملۈك مىللەت.

# تۇمەن دەرياسى بويىدا

ئابدۇراخمان ئىمىن

قىرغىقىدا تۇرسەمەن مانا،
نامى ئۆچمەس تۇمەن دەرياسى.
جانغا راھەت سۈيىگىدىن ئىچىپ،
قاندى ئوتلۇق يۈرەك تەشناسى.

شوخ دولقۇنۇڭ ئوينۇشۇپ تىنماي،
شاتلىقىڭنى قىلىدۇ ئىزھار.
قۇچتى سېنى گۈزەل تاڭ نۇرى،
ۋادىلىرىڭ بولدى چىمەنزار.

ھۆسۈن قوشۇپ يۇرتۇم ھۆسنىگە،
ناخشا ئېيتىپ، ئويناپ ئاقىسەن.
چەكسىز مۇنبەت دالا كۆكسىگە،
كۆمۈش رەڭلىك مۇنچاق چاچىسەن.

ئەي دولقۇنلۇق تۇمەن دەرياسى،
بويلىرىڭغا تەرلەر تۆكەي مەن.
قىرلىرىڭغا باغرىمنى يېقىپ،
ساڭا ھەمرا بولۇپ ئۆتەي مەن.

# قار لەيلىسى

ئەركىن داۋۇت

گۈل ئېچىپ تىك چوققىدا چاقنايدۇ ئۈز قار لەيلىسى،
نەدە كار قىلغاي ئاڭا جۇتنىڭ، بورانىنىڭ ھەيۋىسى.

بەلكى جۇتتا تەۋرىمەستىن شاتلىنىپ مەغرۇر كۈلەر،
مېھرىبان يەرنى قۇچاقلاپ ئۇلغىيىپ يىلتىز سۈرەر.

چاقنىتىپ كۆز تۇرقىدىن ئۇ تاققا رەڭ-زىننەت بېرىپ،
تەنگە راھەت، كۈچ بېغىشلار خۇشپۇراق ھىدلار چېچىپ.

مەنمۇ بولسام خاسىيەتلىك شۇندا بىر قار لەيلىسى،
سۇنسا ئاستىمدا ھامان شۇم قۇيۇنلار ھەيۋىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



# جاۋاپ

تۇراپ دايىم

دەيسىلەر: كۈلەيسەن، سەندە شاتلىق يوق،
قەلبىڭدىن سەزمەيمىز ياكى مۇھەببەت.
يۈرەمسەن ياشلىقتا سۆيگۈسىز شۇنداق،
ئۆتەمسەن ئۆمرۈڭدە يالغۇز تائەبەت.

. ئۇرغۇيدۇ مەندىمۇ ئالەمچە سۆيگۈ،
ئىجاتكار خەلقىمگە، ئانا ۋەتەنگە.

قىز-يىگىت سۆيگۈسى دېڭىزدىن تامچە،
تامچە سۇ جان بەرگەن چۆلدە قاي تەنگە ؟!

ۋەتىنىم ئانامدۇر، سۆيگۈمگە سۇلتان،
قەلبىمدە زەررىچە غەيرى جانان يوق.
دوستلارغا، خەلقىمگە باھاردەك قەلبىم،
دۈشمەنگە قارا قىش، نەپرەتلىك بىر ئوق.

# شېئىرلار

رەپقەتجان خېلىل

## ئۇچقۇن

ئۇچقۇن دىسە نەزەرگە ئىلماي،
ئۇ قانچىلىك بىرنەمە دەيسەن.
چىقار بىر كۈن ئۇنىڭدىن يانغىن،
ئۇ چاغدا سەن پۇشايمان يەيسەن.

ئۇچقۇنلىدى قەلبىدە ئىلھام،
ھېسسىياتىم قەلەم ئال، دىدى.
مېھنەت بىلەن باغ بەرپا قىلىپ،
ئەل - ۋەتەنگە بەرگىن بال، دىدى.

ئۇچقۇنلىدى قەلبىمدە غەيرەت،
" ئىجات " ئۇچۇن قەدەم تاشلىدىم.
تېخى كىرىسىز-سەبى دىلىمدا،
" ئىجات " ئاتلىق مېھمان باشلىدىم.

ئۇچقۇنلىدى قەلبىمدە ئىشەنچ،
كېلىچەككە باقتىم بىر ئۇزاق.
كەلگىن، سېنى كۈتەي، دىدى ئۇ،
ئېچىپ ماڭا ئىللىق، كەڭ قۇچاق.

يازاي دىدىم روھلىنىپ شۇ چاغ،
ساناقسىز قۇر بىتلەر تولغىچە.
ئەمگىكىمدىن ئەل رازى بولۇپ،
دىلى ئۇچقۇنى يانغىن بولغىچە.

## قەلبىمىم

ئالدىمدا خاتىرە، قولۇمدا قەلەم،
قەلبىمدە بىھساپ خىيال - ئىپتىخار...
قەلىمىم قۇرلاردا چاپىدۇ شۇدەم،
ھىسلىرىم بەتلەرگە بولىدۇ ئىزھار.

نەچچە ئاي، نەچچە يىل ئۆتتى شۇ تەقلىت،
جاھاننى بىر كەزدى خىيال كەپتىرىم.
قەلەمدىن تۆكۈلگەن ئۈنچىلەر بىلەن،
تولدۇ غۇبارسىز كۆڭۈل دەپتىرىم.

ھەرقانداق ئىشىمدا، ماڭغان يولۇمدا،
قەلىمىم مېنىڭدىن ئايرىلماس ھەمرا.

قەلبىمدە ئىلھامىم پۈنتان بولسىمۇ،
ئۇنىڭسىز پۈتۈلمەس بەتلەرگە مىسرا.

شۇندىمۇ ئۇنىڭدىن كۆرىنمەس زىنھار،
كىبىرلىك- مەغرۇرلۇق ئالامەتلىرى.
چىن يۈرەك قەلبىمدە قوزغىدى تەسىر،
كەمتەرلىك خىسلىتى، كارامەتلىرى.

شۇ ۋاقىت روھلۇنۇپ دىدىم، قەلەمدەك-
بولاي بىر مىننەتسىز تۆھپىكار كىشى.
ئەلگە نەپ يەتكۈزمەك ئۇلۇغ پەزىلەت،
تۆھپىسىز ياشاش ئۇ -
نائەھلى ئىشى.

## غۇبارسىز قەلب

قوزغىلىپ ئاپتۇۋۇز سەھەر بىكەتتىن،
ئىپپ ماڭدى مەنزىلگە يولۇۋچىلارنى.
بەيگىدە بەسلەشكەن دۇلدۇل مىسالى،
قالدۇرۇپ ئارقىدا ئۇزۇن يوللارنى.

"خەيرى-خوش» دىگەندەك شامااللار بۇدەم،
دىللارغا گۈل ھىدى سوۋغا قىلاتتى.
بەزىلەر خىيالى مەنزىلگە يەتكەن،
ۋە بەزى كۆڭۈللەر بۇندا قالاتتى.

سەپ تارتىپ مېڭىشقان لەشكەرلەر كەبى،
يولبويى ئۇزۇنغا سوزۇلغان تېرەك.
بىپايان ۋادىلار جىملىققا چۆمگەن،
بۇ ھالدىن زېرىكىش ھىس قىلار يۈرەك.

ئاپتۇۋۇز ئىچىمۇ پاراڭدىن خالى،
ھەممە جىم ئولتۇرار ئورۇنلىرىدا.
بەزىلەر مۆگىدەر ( قەرزىبارمىكىن ،
ۋە ياكى ئۇيقىدىن، بويۇنلىرىدا).

قارىسام ئۆزگىچە ئولتۇرار بۇندا،
بىر شائىر ئالەمچە خىيالغا پېتىپ.
قولىدا سىردىشى - قەلەم،خاتىرە،
جىم ئىدى گوياكى قالغاندەك قېتىپ.

يىقىملىق چىرايى پۈرۈشكەن سەل - پەل،
شامالدا چاچلىرى يەڭگىل يەلپۈنەر.
نۇرانە كۆزلىرى ئۇيقىدىن بىدار،
ئەشۇ كەڭ ۋادىغا قاراپ تەلپۈنەر.

بۇندا ئۇ كۆرىدۇ تەبەسسۇم بىلەن،
جەڭلەرگە ئات سالغان قايناق بىر ھايات.
كۆرىدۇ بەللىرى مەھكەم چىگىلگەن،
ساناقسىز مەرت ئوغلان، ساناقسىز پەرھات.

بۇندا ئۇ كۆرىدۇ چىمەنلىك گۈلباغ،
كۆرىدۇ فابرىكا-زاۋۇت، كۆمۈركان.
كۆرىدۇ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە،
تەرىپلەپ يازساگەر بولغىدەك داستان.

# خوش، قەشقەر

ھۆرنىيەت راخمان

تويماستىن قارايمەن گۈل جامالىڭغا،
كۆڭلۈمنى رام قىلغان ئەي گۈزەل دىيار.
چۈنكى، ئۆز بەستىڭدە جەننەت سىماسى،
كۆڭۈللەر بەھرىدە دولقۇن قوزغۇتار.

ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك ياراشقان ھېيتگاھ،
گۈللەرگە ئورالغان رەڭدار چىمەنزار.
باغچاڭنىڭ زىننىتى مەغرۇر قىز - يىگىت،
قاينايدۇ سەندىكى ھايات بەختىيار.

ئىلىم - پەن خۇمارى شۇ ئىززىز خەلقىڭ،
كەڭ قوينۇڭ شۇنىڭدىن تۇرار جانلىنىپ.
ئەي قەشقەر، جان قەشقەر، ئامەت ساڭا يار،
ئەجداتلار يولىدىن ماڭغاچ ئاتلىنىپ.

ئۆتتىڭغۇ سىنىڭدە ئۇلۇق ئەدىپلەر،
كۆكسۈڭدە جاي تۇتتى ئۇلار قەۋرىسى.
شۇ شۆھرەت، شۇ نامغا ھەغدادۇر بۈگۈن،
ئارقاڭدىن ئىز باسقان نەۋرە - چەۋرىسى.

سۆزلىسەم تەرىپىڭ تۈگىمەس پەقەت،
قەدىرلىك خەلقىڭنىڭ خىسلىتى تولۇق.
مەن سىنىڭ باغرىڭدا بەش يىل يايرىغان،
شۇڭا سەن مەن ئۈچۈن ئانامدىن ئۇلۇق.

ئەي قەشقەر، جان قەشقەر، خەير-خوش ئەندى،
نامىڭنى ساقلايمەن قەلبىم تۆرىدە.
مېھرىڭنىڭ چىراغى قەلبىمدە يانار،
ئىشقىڭدىن يارالغان كۆڭلۈم ئۆيىدە.

# يارىمغا

ئەخەت مۇھەممىدى

” كېلىپ كەت “ دەپ يېزىپسەن خەت، جاۋاپنى ئاڭلىتاي يارىم،
ساڭا ئىشقىم ئېقىن دەريا، دىلىڭنى ياشنىتاي يارىم.

بېرىشقا بەك خىجالەتمەن، ئىجات - مېھنەتتە سوۋغام يوق،
ھوزۇرۇڭغا يۈزۈمنى داپ قىلىپ قانداق باراي يارىم.

نىشان ئەيلەپ ۋىسالىڭنى، ئادا قىلماققا شەرتىڭنى،
تۇتقۇپ ئات، بەلنى چىڭ باغلاپ سەپەرگە ئاتلىناي يارىم.

قاقاس چۆللەرگە سۇ باشلاپ جاسارەت بىرلە پەرھاتتەك،
گۈزەللەر شاھى - شىرىنگە بولۇپ خاس راسلىناي يارىم.

قارايسەن شۇندا قايىل بوپ، نازاكەت-ناز بىلەن خوش - خوش،
ھالال تەرىم جۇلاسىدا كۆزۈڭنى چاقنىتاي يارىم.

# پارچىلار

پولات ئىمزىيوپ

ئۆزۈڭنى گەر تىرىك بىلسەڭ،
ۋەتەن، خەلقىڭگە نەپ بەرگىن.
ئەگەردە بولمىسا تۆھپەڭ،
ئۆزۈڭنى مۇردا دەپ بىلگىن.

× ×

ئەگەر بولساڭمۇ ھاتەمچە،
تەكەببۇر بولمىغىن زىنھار.

ساڭا نەپرەت تېشى تەككەي،
تەكەببۇرلۇقنى قىلساڭ يار.

× ×

چىراي كۆرسەتمىگەي دىلنى،
ئەگەر ئۇ بولسىمۇ بىر ئاي.
ھەقىقى يار مۇشەققەتتە،
ساڭا ھەمرا بولۇپ ماڭغاي.

# ...غا

مەھەممەت ھەسەن

خېتىڭىزدە سوراپسىز:
”سىز بىر باشلىق نەسلىمۇ؟
خىزمىتىڭىز قەيەردە؟
كېچاڭمۇ يا - كۈندىزمۇ؟“

ئېنىق بېرەي جاۋاپنى:
مەن بىر ئاددى ئىشچىمەن.
ئەمەس چىيەنگۈك، پولاتچى،
يۈزى توپا خىشچىمەن.

پىشۇرىمەن خىشلارنى،
ئۈستى ئوچۇق پېچتامەن.

ئايرىلمايمەن بۇ ئىشتىن،
يازلىقى ھەم قىشتا مەن.
ئېرىنزلايمەن كەسپىمنى،
ئۈگەنگەچكە تەستە مەن.
سانىمايمەن ھەرگىزمۇ،
باشقا ئىشتىن پەستە مەن.

ئوخشىتىمەن ئۆزۈمنى،
قامىتى زور چىنارغا.
چۈنكى، خىشىم كېرەكتۇر،
ئېگىز، ئېسىل بىناغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «باللىرىم ئۈچۈن....»

(ھېكايە)

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

"... ئەستاغپۇرۇللا، شۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟! قانداق قىلسام بولار..."

سادىر ئىچكىرىكى ئۆيدىكى كارۋاتتا ئۇخلىدىسىغا يېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى، تاماكۇنىڭ ئاچچىق تۈتۈنى خۇددى چىقىدىغان تۆشۈك تاپالمايۋاتقاندەك ئۆزىنى تام - تورۇسلارغا ئۇراتتى.

"... بۇ نېمە دېگەن بەغىرەز خوتۇن - ھە! ئۇن نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن ساۋاقدىشىمنى باشلاپ كەلسەم، بىرەر تەخسە سەي قورۇپمۇ بەرمىدى. ئۆيدە بىر نەرسە بولمىسىغۇ كاشكى... ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغان مۇنداق خوتۇننى..."

سادىر چوڭقۇر ئۇھ تارتتى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ گەرچە ئەمدىلا قىرىق ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، پېشانىسىۋە يۈزلىرىگە تور تارتقان قورۇقلارغا، تەگدىن تولىسىغا ئاق كىرگەن چاچلىرىغا قاراپ ئەللىكتىن ئاشقان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى.

"... ئۆيگە بىرەر مېھمان كېلىپ قالسا بۇ خوتۇننىڭ توققۇز تولغىقى تەڭلا قوزغىلىپ كېتىدۇ. نەدە چوڭ بولغان نېمىكىنتاڭ ..."

ئۇ ئويلىغانسېرى تىت - تىت بولۇپ غەزىپى قاينايتتى.

شاراپەت راستىنلا ئادەم خالىمايتتى، ناۋادا سادىرنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى كېلىپ قالىدىغان بولسا، تا ئۇلار قايتىپ كەتمىگىچە بۇ ئۆيدە جېدەل - ماجرا بېسىقمايتتى، بىچارە تۇققانلىرى ياخشى كۆڭۈل بىلەن كېلىپ بىرمۇنچە ئازار يەپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، توۋا قىلىپ قايتىپ كېتىشەتتى. سادىر خوتۇنىغا ئادەمگەرچىلىكنىڭ يوللىرىنى تولا چۈشەندۈرۈپ، كېيىنى ئاققۇزالماي ھېرىپ قالغان ئىدى، "ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە قالاپتۇ" دېگەندەك، شاراپەت مۇزدەك دومسىيىپ تۇرۇۋالاتتى، زادىلا ئېرەنمەيتتى... شۇنداق قىلىپ بارا - بارا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۇرۇق- تۇققانلىرىلا ئەمەس، يېقىن ئىل-ئاغىنىلىرىمۇ كەلمەيدىغان بولىۋالدى.

سادىر مەكتەپتە ياكى جەمىيەتتە بولسۇن، ئۆزىگە چۇشلۇق ئابرويى بار يىگىرمە نەچچە يىللىق مۇئەللىم ئىدى. ئۇ جامائەت ئىشلىرىدىن — توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردىن قالمايتتى، خۇلۇم - خوشنىلىرى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى مېھمان چاقىرسا ئۇنى زادىلا ئايرىپ قويمايتتى، لېكىن ئۇ كېيىنچە چاقىرغان يەرلەرگە ۋ بارمايدىغان بولىۋالدى، چۈنكى، «بارماقنىڭ كەلمىگى بار» دېگەندەك، چاقىرغانلا يەرگە بېرىۋەرگەن بىلەن ئۇلارنى بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلمىسا بولمايدۇ - دە، چاقىراي دېسە خوتۇنىنىڭ ئەھۋالى ھېلىقىدەك، تۆت ئادەمنى ئۇزاتقىچە بىر مۇنچە ۋارى - ۋارى...

تاشقىرقى ئۆيدىن شاراپەتنىڭ زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— تېخى «مېھماندوست»مىش، ئۆيدە ئولتۇرۇپ مېھمىنىڭىزنى كۈتىدىغان بىكارچى خوتۇن ئەمەسمەن... «كىيگىنى ئىشتىنىم يوق، ئېتىم ماجان بۇۋى» دەپ، ھالىمنىڭ يوغانلىغىنى قارىمامدىغان...

شاراپەتنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرى سادىرنى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

«... تازا بىر ئەدىۋىنى بېرىپ، ئاغزىنى ئاچالماس قىلىۋەتسەيمىكىن، ياق، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلسە، خۇلۇم - خوشنىلارنىڭ ئالدىدا سەت... ھېلىمۇ ئۆيدىكى جېدەلنىڭ تولىلىقىدىن باش كۆتىرىپ يۈرەلمەيدىغان بولۇپ كەتتىم، ئەسكى بىلەن تەڭ بولماي...»

ئۇ ئىشىكنى «جالاققىدە» يېپىپ تالاغا چىقىپ كەتتى. «قانداق قىلسام بولار؟ بۇ بىر ئىككى كۈنلۈك ئىش ئەمەس، جېنىمنى قىيناۋەرگىچە خېتىنى بېرىپ، بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلايچۇ!..» بىردىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قوشماقتەك بىر جۈپ بالىسى كەلدى.

«قىزىم ئون ئىككى ياشتا، ئوغلۇمۇ تۇققۇزغا كىرىپ قالدى، ئۆيىمىز بۇزۇلسا، بالىلارنىڭ بوينى قىسىلىپ...»

سادىر خۇددى مۇئەللەقتە قالغان كىشىدەك نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى، سالقىن شامال ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ئۇرۇلدى. «نەگە بارسام بولار؟ ھە، توغرا، تاغامنىڭ يېنىغا بېرىپ، دەردىمنى تۆكۈپ، مەسلىھەت ئېلىپ كېلەي!»

ئۇ شۇ خىيال بىلەن، ئۇدۇل تاغىسى مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. مامۇت ئاكا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلا زاۋۇدىنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى ئىدى. ئۇ ئېغىر - بېسىق، پەم - پاراسەتلىك، ھەر قانداق ئىشقا دۇچ كەلسىمۇ، ئالدىراپ ھۆكۈم قىلمايدىغان ئادەم ئىدى. سادىر كىرگەندە مامۇت ئاكا پېشايۋاندا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— ھە، سادىرمۇ سەن، كەل - كەل، ئولتارغىن، يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى مامۇت ئاكا گېزىتنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ.

— بار، — دېدى سادىر روھسىز ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

سادىرنىڭ ئۆيىدىكى ماجرادىن مامۇت ئاكىنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە زادى قوشۇلمايتتى. بۇ توغرىدا ئايالى بىلەنمۇ بىر قانچە قېتىم گەپ تەگىشىپ قالدى. مامۇت ئاكا، ئۆي بۇزۇلسا ئىككى بالا يامان كۈنگە قالىدۇ، ئىلاجى بار ئۆي تۇتۇپ قالغىنى ياخشى، دەپ قارايتتى.

— سادىر، — دېدى مامۇت ئاكا ئۇنىڭ دەرت ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن گەپ بار، تۇرمۇش

(ئاخىرى 77 — بەتتە)

www.uyghurkitap.com



# شۇرغانلىق كېچىدە

(ھېكايە)

ئاتىكەم زەمىرى

كەچ سائەت سەككىز، دوختۇرخانا ئىچى جىم ـ جىت. دوختۇر ئاسىيە ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا نۆۋەتتىكى دېژۇرنى دوختۇر جاناراغا ئىش ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە بالنىس قورۇسىغا تېز چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاسىيە بىلەن جانارا تەڭلا باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىسىدىن سىرتقا قۇلاق سالدى ـ دە، ئاۋاز بېسىققاندىن كېيىن، يەنە ئۆز ئىشلىرى ئۈستىدىكى پاراڭنى داۋاملاشتۇردى.

ــ 11 ـ كارۋاتتىكى تېز خاراكتېرلىك ئۆپكە پىنومانىيىسى بىلەن ئاغرىغان كېسەل ئايالنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىلاپ كەتتى. 6 ـ كارۋاتتىكى ئوپېراتسىيە قىلىنغان بالىنىڭ ئەھۋالىمۇ خېلى ياخشى، كۆمۈر گازى بىلەن زەھەرلەنگەن تاشيول ئىشچىسىنىڭ ئەھۋالى بىر ئاز ياخشىلاندى، قالغان كېسەللەردە چوڭ ئۆزگىرىش يوق، ـ دەپ گېپىنى تۈگەتتى ئاسىيە.

جانارا ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ تەمشىلىپ تۇرۇشىغا، ئىشخانىنىڭ پاختىلىق مەلەگزىسىنى ئاستا ئېچىپ، بىر تاجىك يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ 30 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، بويى ئېگىز، قاڭشالىق، يېڭىدىن يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان، ئۇزۇن چورىغىنىڭ قونجىدىن توقۇلغان جۇراپ①نىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن جۇۋا كېيىۋالغان ئىدى. ئۇ دوختۇرلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، جىددىيلىك بىلەن:

ــ دوختۇر خانىم، ئايالىم خەۋپ ئاستىدا قالدى! قۇتقۇزۇۋالساڭلار! ...، ـ دېدى.

ــ ئايالىڭىز قەيەردە؟ ـ سورىدى ئاسىيە كۆيۈمچانلىق بىلەن.

ــ ئۆيدە قالدى، كېسىلى خەتەر، ھاۋا سوغۇق، ئارىلىق يىراق ئېلىپ كېلەلمىدىم. ئىككى كۈندىن بۇيان كۆزى يورىمىدى.

ئىككى دوختۇر بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ــ مەن بۇ يىگىت بىلەن باراي، سىز دەم ئېلىڭ؛ دېژۇرنىلىقنى فەن دوختۇر ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن ـ دېدى جانارا.

ــ ياق! ـ دېدى ئاسىيە كەسكىنلىك بىلەن، ـ مەن باراي، ھازىر تالىشىپ تۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى مەن باراي.

ئۇ ھېلىقى يىگىتكە قاراپ:

ــ ئۆيىڭىز قايسى گۇڭشېدا؟! ـ دەپ سورىدى.

ــ ۋەرشىدى گۇڭشېنىڭ كۆكجىلغا دادۈي-

① جوراپ ـ رەڭدار يۇڭ يىپتا توقۇلغان ئۇزۇن يۇڭ پايپاق.

ده، — دېدى يىگىت جاۋابەن.

— ئۇ يەرگە ماشىنا بارالمايدۇ. ئات باققۇچى ئاتنى توقۇپ بولغىچە، مەن دەرھال كىيىنىپ چىقاي. شىياۋۋاڭ، سىز دورا ساندۇغىغا، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئوكۇل، ئىشپىرىس ۋە كېتەرلىك سايمانلارنى سېلىپ تۇرۇڭ، — دەپ قويۇپ، ئاسىيە تېزلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

دوختۇر جانارا بىلەن شىياۋۋاڭ سايمانلارنى تەييارلاپ، دورىلارنى ساندۇققا قاچىلاپ بولغىچە، يىگىت تاقەتسىز ھالدا دەم مەشتەكۆيىۋاتقان ئوتقا، دەم قىزنىڭ ئەپچىل بارماقلىرىغا قاراپ ئولتۇردى. ئازغىنا ۋاقىت ئۆتەر — ئۆتمەيلا يۇڭ ياغلىقنى بېشىغا چىگىپ، قىسقا جۇۋا كەيگەن ھالدا ئاسىيە كىرىپ كەلدى.

بۇ، يانۋار ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر ئاخشام بولۇپ، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار يەر يۈزىنى خېلىلا ئاقارتقان ئىدى. ئۇلار ئاتلىق ناھىيە ئىچىدىن چىقىپ، كۆك جىلغا يولىغا بۇرۇلغاندا، كۈچىيىۋاتقان ئىزغىرىن شامال ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئۇرۇشقا باشلىدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، شامال تېخىمۇ كۈچەيدى. دەھشەتلىك شۇۋۇرغاندىن كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. يىگىت ئاسىيە دوختۇرغا قاراپ قويدى.

ئاسىيە ئىگەر ئۈستىگە چىڭ چاپلىشىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. جىلغا ئىچىدىكى قار قېلىنلىشىپ، مېڭىش قىيىنلاشتى، ئاخىرى ئات بىلەن مېڭىشقا ئامالسىز قالدى. يىگىت ئاتتىن چۈشۈپ، ئارقىسىدا كېلىۋاتقان ئاسىيەنى ئاتتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، لېكىن دوختۇر ئۆزى چەب-
دەسلىك بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلارنى يېتىلەپ شىۋىرغانغا قارشى تەسلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىدى، شۇ چاغ توساتتىن دوختۇرنىڭ ئېتى ھۈركۈپ ئارقىغا چاپچىپ كەتتى ۋە ئارقا پۇتلىرى جىلغا تەرەپكە تېيىلىپ كەتتى. ئالدىدا ماڭغان يىگىت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال كېلىپ ئاتنى تارتىۋالدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان خەتەرلىك ئەھۋال ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار يېرىم سائەتچە شىۋىرغان بىلەن ئېلىشىپ ئاران دېگەندە ئۆيگە يېقىنلاشتى. ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان يىگىت دۆڭلۈك ئۈستىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى، ئۆيدىن ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە دوختۇرنىڭ ئېتىنى قولىدىن ئېلىپ باغلىدى — دە، دوختۇرنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. دوختۇر تاجىكچە ئۇسۇلدا سېلىنغان بۇ ئۆينىڭ قاراڭغۇ دالىنىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى. چوڭ ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى يوغان ئوچاقتا گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. تۈۋرۈككە ئېسىلغان پەنەردىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ، ئۆي ئىچىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. دوختۇر ئۆيگە كىرىپ ئۈستىۋاشلىرىنى قېقىپ، ماسكىسىنى ئېلىۋەتتى ۋە دەرھال كېسەلنىڭ قەيەردىلىگىنى سورىدى.

كېسەل ياتقان كىچىك سۇپىنى كۆرسۈتۈشتى ئۆيدىكىلەر.

ئۇ دەررۇ كېسەلنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا قىيىن تۇغۇت تۈپەيلىدىن ماغدۇرسىزلانغان ئايال بىھوش ھالەتتە ياتاتتى. دوختۇر دەرھال ئايالغا تىرمۇردىن گىلىيوكوزا بېرىپ ئۇنى كۈچلاندۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن تولغاقنى كۈچەيتىش ئوكۇلى ئۇر-

دى. نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەي بالا تۇغۇلدى، ئامما تەكشۈرۈش ئارقىلىق بالىنىڭ قوش كېزەكلىكى مەلۇم بولدى.

ئاسىيە يەنە بىر پەس جىددى تەدبىر قوللىنىپ، 2 - بالىنىمۇ تۇغدۇردى.

— ئاق خالاتلىق پەرىشتە! — دېدى قىيىن تۇغۇت ئازاۋىدىن قىينالغان ئانا يېنىدىكى دوختۇرغا تۇغۇتتىن كېيىن ئاجىز كۈلۈمسىرەپ، — سىز ئانا - بالا ئۈچىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز.

— ئۇنداق دېمەڭ، بۇ بىز دوختۇرلارنىڭ بۇرچىمىز ئەمەسمۇ؟

بۇ ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسىنىڭ چىرايى غەمكىن بولۇپ، ئىككى كۈندىن بىرى ئېچىلمىغان ئىدى. تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ غەمكىن چىرايىغا تەبەسسۇم پەيدا قىلدى. بوۋاي بىلەن يىگىت ئېغىلدىكى باغلاغلىق قوينى ئەكىرىپ سويۇشقا باشلىدى. يۆگەككە يۆگەلگەن قىز - ئوغۇل بوۋاق ئانىسىنىڭ قېشىدا ياتقۇزۇلدى. ئارىدىن ئون مىنۇتچە ئۆتە - ئۆتمەي، ئاسىيە تۇغۇتلۇق ئايالنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كۆپلەپ خۇن كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بالا ياتقۇنىڭ قىسقىرىشى نورمال ئەمەس. قان كۆپ كېلىۋەرسە، ئەھۋال خەتەرلىك بولاتتى. تۇغۇتلۇق ئايالغا دەررۇ ۋىتامىن K ئوكۇلى ئۇرۇلدى. لېكىن ئوكۇل ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى.

«ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، چوقۇم ئايالغا قان سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ يەردە قان گۇرۇپپىسىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى بولسىغۇ كاشكى» ئاسىيە مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ قېنىنىڭ 0 گۇرۇپپا قان ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى ۋە ھېچ ئىككىلەنمەي بىلىكىنى چىقىرىپ يالاڭياق دوختۇرغا بىلىكىدىن قان ئېلىشقا بۇيرىدى:

— تېز بولۇڭ! ھازىر كېسەلنى قۇتقۇزۇش مۇھىم، تېز قان ئېلىڭ!

يالاڭياق دوختۇر ئاسىيەنىڭ بىلىكىدىن 200 گىرام قېنىنى ئېلىپ توختاپ قالدى. بۇ قان تۇغۇتلۇق چوكاننىڭ قان تومۇرلىرىغا ئاقتى. ئۇ ئاستا - ئاستا كۆزىنى ئاچتى. چىرايى بىر ئاز تاتارغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق يېغىپ تۇرغان ئاسىيە دوختۇر ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بىمارنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنىدىكى ھارغىنلىق ۋە ھالسىزلىقنى ئۇنتۇدى، ئۇ يالاڭياق دوختۇر ئاپپارەنى كېسەل يېنىدا قويۇپ، ئۆزى ئوچاق قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

قازاندا گۆش پىشىۋاتاتتى. موماي نان راسلاۋاتاتتى. بوۋاق تاتلىققىنا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئاسىيە تامغا يۆلەنگىنىچە ئاستا مۈگدەپ قالدى...

بۇندىن 20 يىل بۇرۇن ئاسىيە ۋە ئۇنىڭ يولدىشى تۇرسۇن نىياز قەشقەر تىببى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بۇ ناھىيىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگىنىدە، تېخى 18 - 20 لەردىكى قىز - يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار بۇ ناھىيىگە خىزمەتكە كەلگەندە، پامىر ئېگىزلىكىدىكى بۇ تاغلىق ناھىيىدە ئۇلارنى تېچ ۋە ئاسايىشلىق ئۆگىنىش ۋە خىزمەت شارائىتى ئەمەس بەلكى، جۇدۇن - چاپقۇنلۇق ناچار كىلىمات، جىددى، جاپالىق خىزمەت، تىل ئۇقۇشماسلىقتەك بىر قاتار قىيىنچىلىقلار كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ قىيىنچىلىقنى بىر - بىرلەپ يەڭدى، تىل ئۆگەندى، ئاسىيە دوختۇرلۇق، ئاكۇشىركىلىق، دورىگەرلىك، سېستىرالىق قاتارلىق ئىشلارنى تەڭ ئىشلىدى. بىر نەچچە قىش، بىر نەچچە باھار ئۆتتى. ئېگىزلىكنىڭ جۇدۇن-

چاپقۇنى ۋە ئاپتىسۇى ئۇنىڭ يۇمران يۈزىنى قارايتتى، ئۇ ئەمدى ئات، تۆگە ياكى قوتاز ئۈستىدە يەرلىك كىشىلەردەك مەزمۇت ئولتۇرالايدىغان، چارۋىچىلار بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيدىغان بولدى. ئۇ، ناھىيىدىكى ھەممە گۆشكىلارنى دىگىدەك ئارىلاپ چىقتى، بۇ ناھىيىدە يىلتىز تارتتى.

1965 - يىلى 7 - ئايلاردا تەشكىل ئۇنىڭغا 80 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى ۋاچا گۆشكىسىغا بىرىپ تىببى پونكىت قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۇ ئەندىلا 5 ئايلىق بولغان بالىسىنى ئېلىپ، ئاتلىق يولغا چىقىپ ئوغرى يارت داۋىنىغا كەلگەندە، ئات تۇيۇقسىز مۈدۈرۈپ كىتىپ بالىسى بىلەن بىللە داۋاندىن يۇمىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ، يۈز-كۆزلىرى قىيما-چىيما بولۇپ كەتتى. شۇ يەردە قوي بېقىۋاتقان بىر تاجىك بوۋاي ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بالىسىمۇ خېلى ئېغىر جاراھەتلەنگەن ئىدى. بوۋاي ئۇنىڭ باش كۆزلىرىنى تېڭىپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى. ئاما گۆشكىغا ئاز قالغاندا، تۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۇيى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. بۇچاغدا ئۇ تەمكىنلىك بىلەن سۇنىڭ تىيىزرەك يېرىنى تېپىپ، بىر قولىدا بالىسىنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر قولىدا ئاتنى يىتىلەپ، كەلكۈندىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ، گۆشكىغا يىتىپ كەلدى. ئەزەلدىن دوختۇرخانا بولمىغان بۇ گۆشكىدا ئاسىيەنىڭ تىرىشچانلىغى بىلەن بىر تىببى پونكىت قۇرۇلدى. ئاسىيە بۇ يەردە ئالتە ئاي تۇرۇپ، بىر نەچچە يۈز كىشىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، بۇ يەرنىڭ ھەممە تاغ - داۋان، يايلاقلىرىدا ئىز قالدۇردى. كېتىدىغان ۋاقتىدا بۇ يەردىكى چارۋىچىلار ئۇنى كۆز يېشى قىلىپ ئۇزۇتۇپ قويدى. تەشكىل ئۇنى تەقدىرلىدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىدە چوڭ بولغان بۇ ئۇيغۇر قىزى 20 يىلدىن ئارتۇق بولغان بۇگۈنكى كۈندە پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاجىك، قىرغىز چارۋىچىلىرىنىڭ ئۆز قىزى، سىرداش دوستى، غەمگۇزارى بولۇپ قالغان ئىدى...

تاڭ يورىدى، خۇلۇم - خوشنىلار قوللىرىغا ئاق ئۇن پۇتۇك ① ئېلىپ كىرىشتى، ئۇلار ئېلىپ كىرگەن ئاق ئۇنلىرىدىن بىر چىمدىمدىن ئېلىپ، ئايالنىڭ ۋە بالىنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە چېچىپ «مۇبورەك ۋىسد» ② دىيىشتى. قالغان ئۇنلارنى تاملارغا چېچىپ قويدى.

ئاسىيە دوختۇر ئۆي ئىچىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى ۋە ئۆيگە كىرگەن ئاياللار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. موماي، دوختۇرنىڭ ئالدىغا داستىرخان سېلىپ، ئوچاقتىن يېڭىلا قومۇرۇلغان ئىسسىق نان بىلەن گوش ۋە شورپا ئېلىپ كەلدى. ئاسىيە تاماق يەپ بولۇپ، تۇققان ئايالنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەپ قان بېسىمىنىڭ نورمال، بوۋاقنىڭ تىمەن ئىكەنلىگىنى بىلدى. دوختۇر نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ قايتىش ئالدىدا ئۆي ئىگىسى بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دوختۇر قىزىم، كۆپ جاپا چەكتىڭىز، رەھمەت! سىز نەۋرەمنىڭ ۋە كېلىنىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز. مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قانداق نەرسە قويۇپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دىدى.

— رەھمەت دىگىدەك ھىچقانچە ئىش قىل-

① پۇتۇك - تاجىكلار توي - توكۈن ۋە خوشاللىق كۈنلەردە توي قىلغۇچىنىڭ ياكى سالامەت يەڭگىگەن ئايالنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە 3 - 2 چىمدىم ئۇن سېپىدۇ.

② مۇبورەك ۋەد - مۇبارەك بولسۇن.

مىدىم . بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، ــ دېدى ئاسىيە
كەمتەرلىك بىلەن.

ئاسىيە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ كېيىنكى ئەھ-
ۋالىدىن خەۋەر ئېلىشنى يالاڭاياق دوختۇر
ئايپارەگە تاپشۇرۇپ ، ئۆي ئىگىلىرى بىلەن
خوشلۇشۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى . ئىشىك
ئالدىدا تويغۇزۇلغان تورۇق ئاتنى تۇتۇپ
بوۋاي تۇراتتى . ئاسىيە ئاتنى ئىشىك ئال-
دىدىكى تاش سۇپىغا تارتىپ ، ھېچكىمنىڭ
ياردىمىسىزلا مىنىۋالدى ، ئۇ ئەمدى ماڭاي
دەپ تۇرۇشىغا ئۆيدىن چىققان موماي ھورى
چىقىپ تۇرغان بىر سان قوي گۆشىنى ئىككى
نانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، ياغلىققا ئوراپ ئىك-
كى قوللاپ دوختۇرغا سۇندى:

ــ قىزىم بۇ ئازغىنا سوۋغامنى قىزىڭىز
ۋە ئوغلىڭىزغا ئالغاچ كېتىڭ.

ــ رەھمەت ئاپا ! لازىم ئەمەس.

ــ ئالمىسىڭىز مەن قاتتىق رەنجىيمەن ،
ئانىڭىز ئورنىدىكى ئاپپاق چاچ مومايىنىڭ
قولىنى قايتۇرماڭ قىزىم.

دوختۇر نائىلاج مومايىنىڭ قولىدىكى نان
ۋە گۆشنى ئالدى ۋە ئىشىك ئالدىغا ئۇزۇ-
تۇشقا چىققانلار بىلەن خوشلۇشۇپ ، ئاتقا
بىر قامچا سالدى ــ دە، قار بىلەن قاپلانغان
جىلغا يولىدا ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنگە چۈشۈپ
كەتتى . دۆڭلۈك ئۈستىدىكى ئۆي ئالدىدا
تۇرغان كىشىلەر تاكى ئۇنىڭ قارىسى يۈتكىچە
قاراپ قېلىشتى.

1983ـ يىل، قەشقەر

(بېشى 72 ـ بەتتە)

مەسىلىسى مۇرەككەپ، نازۇك مەسىلە، يەڭگىل-
لىك قىلما، ئالدىراپ چاپاننى ئوتقا سالما،
مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن. راست،
شاراپەت ئانچە ئادەم خالاپ كەتمەيدۇ، خۇيى
بار، تەرساراق ئايال، لېكىن مۇشۇنىڭغىلا قا-
راپ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، مېنىڭ-
چە، ئۆزگەرمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك،
سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ چىداپ تۇرغىن، بەل-
كىم ئوڭشۇلۇپ قالار، ئىككى نارسىدە تىرىك
يېتىم بولۇپ قالمىسۇن، بىزمۇ شاراپەتكە نەسى-
ھەت قىلايلى...

سادىر بىر مۇنچە قايناپ سۆزلەپ بېقىپ،
ماموت ئاكىنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلى-
شى بىلەن ئاستا ـ ئاستا جىمىپ قالدى ـ دە،
ۋۇژۇژۇنغىچە سۆكۈتكە چۆمۈپ ئولتۇردى. شۇتاپ-
تا ئۇنىڭ قەلبى قىرغاققا شىددەت بىلەن ئۇ-
رۇلىۋاتقان دەريا دولقۇنىدەك كۆكرەك تام-
لىرىغا ئۇرۇلاتتى. «... تاغامنىڭ ئېيىلىغان-
لىرىمۇ توغرا، ئۆي بۇزۇلسا ئىككى بالىغا
تەس، ئۇلارنىڭ سەبى قەلبى بۇ ئازاپقا چى-
دالمايدۇ... خەير، بالىلىرىم ئۈچۈن چىشىمنى
چىشلەپ بولسىمۇ چىداپ تۇراي، تاغام "ئۆز-
گەرمەيدىغان ئادەم يوق" دېدىغۇ، شاراپەت-
مۇ ئادەم بولغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ قالسا
ئەجەپ ئەمەس، شۇنداقمۇ بولارمۇ؟! ھەي،
تاڭ...»

سادىر تاغىسى بىلەن خوشلۇشۇپ تالاغا چىق-
قاندا ئەمدىلا بولۇت ئىچىدىن چىققان ئاي
ئۇنىڭغا مەددەت تىلەۋاتقاندەك كۈلۈمسىرەپ
تۇراتتى.

# بالىلىق چاغلار

(نەسر)

مەھەممەتسىدىق تۆمۈرى

مەن بالىلىق چاغلىرىمنى دائىم ئەسلەيمەن، دەرسلەردە ئەلا باھا ئېلىپ، تاپشۇرۇقلارنى ئوبدان ئىشلەپ، ھەر قانداق كىتاپ ۋە گېزىت - ژورناللارنى سۇدەك ئوقۇيالىغىدەك بولغىنىمدا، ئانام مېھرىبانلىق بىلەن پېشانەمگە سۆيۈپ: «مېنىڭ قوزام، ئەقىللىق بالا بولىدۇ!» دەپ پەخىرلەنسە؛ دادام بېشىمنى سىلاپ: «مېنىڭ بالام كەلگۈسىدە ئالىم بولىدۇ، تىرىشىپ ياخشى ئوقىغىن بوتام...» دەپ مېھرى - مۇھەببەت نۇرلىرى يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىككەنتى...

مەن بالىلىق چاغلىرىمنى دائىم ئەسلەپلا تۇرىمەن. ھەقىقەتەن بالىلىق چاغلاردا شوخلۇق، ئىنتىلىش، ئۈمىت، ئىشەنچ، ئارزۇ - ئارمان، ئۇلۇغ غايە، بارلىق شەيئىلەرنى سوراپ بىلىۋېلىشقا بولغان قىزغىنلىق ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان ئاجايىپ تەپەككۇر قۇدرىتى قەلبىمىزدە بولاقتەك جۇش ئۇرغان بولىدۇ - دە! ئويلايمەنكى، بالىلىق چاغلار گوياكى كۆكلەمدە بىخ يېرىپ ئۈسۈۋاتقان ياش نوتىغا ئوخشايدۇ، نوتىنى مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىپ، چېچەكلىتىپ، ھەر بىر چېچەكتىن شىرىن مېۋە پۇشۇرۇپ، كىشىلەرنى رازى قىلىشىمۇ ئۆز شىجائىتىمىز بىلەن، رازى قىلالماسلىقىمىزمۇ ئۆز سەۋەنلىكىمىز بىلەن بولىدۇ...

تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىش، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ھاياتنى ئۇزارتىش دېمەكتۇر.

بالىلىق چاغلار سەن ھەقىقەتەن ئېسىل، تىتىك، يېڭى شەيئىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىق جۇش ئۇرۇپ تۇرغان خاسىيەتلىك دەۋر سەن! بەس - بەستە ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ئۆرلەپ ئۈمىتۋار روھ، ئۇلۇغ غايە، زور جاسارەتتە ئالغا بېسىش شەرەپلىك خىسلەتتۇر.

ئەھ!...... بالىلىق چاغلار ... سەن تاغ سۈيىدەك شوخ ۋە ئەركىن پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن سۇغۇرۇلغانسەن. مەن سېنى سۆيىمەن، مەن سېنى ئەسلەيمەن، مەن سېنى كۈيلەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ۋەتەن

(نەسرى شېئىر)

مەھەممەت ئىبراھىم تاش

ئېيخ ۋەتەن!

ئالتۇنغا بەرگۈسىز تاش - تۇپراقلىرىڭدا ئۇلۇغلۇق پۇراقلىرى بار، قەھرىمان خەلقىڭ غەيرەت - شىجائەتتە ئەڭ ئىگىز چوققىنى كۆزلەپ ئۇچقان شۇڭقار؛ پامىر تاغلىرىدىن خېيلۇڭ - جياڭ ئورمانلىرىغىچە، موڭغۇل يايلاقلىرىدىن خەينەنداۋ ئارىلىغىچە زەربەردەست ئادەمدىن بىرسەن دىرەك؛ ئادەملىرىڭ ئىقبىل - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق چىۋەر ھەم زىرەك.

ئەي ئۇلۇغ ۋەتەن، جانىجان ئالتۇن دىيار!

باغلىرىڭدا مېۋىلەر شاھى - ئالتۇندەك ئەنجۈر بال بولۇپ ئاقسا، ياقۇت چىشلىرىنى چىقىرىپ شاختا مارايدۇ ئانار.

ئېيخ ۋەتىنىم! سەن خۇددى باھار ئەتىسىگىنى ئوتقا شتەك ئېچىلىۋاتقان خۇشپۇراقلىق قىزىل گۈلگە ئوخشاپ كېتىسەن؛ تەدبىرلىك، ئىشچان خەلقىڭ بىلەن نىشان سەندەللىرىدە ياسالغان مەقسەت ئاچقۇچىغا چوقۇم يېتىسەن؛ خەلقىڭ ئىتتىپاقلىق-بىرلىك ئەنگۈشتىرىگە ئېرىشىپ، ئىقبال دەرۋازىلىرىنى پات - پۈرسەتتە چېكىسەن، پايانسىز ئېتەكلىرىڭدە نەچچە مىليونلاپ كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ئەمەلىيەتكە ئايلىنار.

جاھان بازىرىدىن ئۇچراتمىغان لازىمەت سەندىن تېپىلىدۇ؛ دارامەتلىك يېزا - قىشلاقلىرىڭدىن قىش - ياز بەرىكەت يېغىپ تۇرىدۇ؛ ئىپار پۇراقلىق ئاسمانلىرىڭغا مەھلىيا بولۇپ كېلىپ قالغان بۇلۇتلار توپى نۇردىن چۆچىگەن زۇلمەتتەك ئالدىراپ، ئەتراپىڭنى پەلەك سىپىللىرىدەك قورشاپ تۇرغان، ئاستىغا قارۇنىڭ غەزىنىسى يوشۇرۇنغان قاراڭغۇ تاغ ھاڭلىرىغا كېتىدۇ. بۇ ۋەتەندە كىشىلەر باھارنى "يىللار سەركىسى" دەپ سانار.

ئايلىنىپ ھارمايدىغان يەر شارى سەييارىسىدا جەننەت بار دېيىلسە، نەخ جەننەتنىڭ ئۆزىسەن؛ بارچە ئىقلىم ئالماس ئۈزۈك ھىساپلانسا، قىممەتلىك چاۋاھىردىن ئورناتقان كۆزىسەن؛ زېمىن بىر قازان ئاش دېيىلسە، تەگشەپ قويغان تۇزىسەن؛ سەن سادىق خەلقىڭ بوينىغا ئارزۇلاپ ئاسقان خاسىيەتلىك زۇننار.

(داۋامى 82 - بەتتە)

# «دەھرىلىنجات» ھەققىدە

ئابدىرېھىم ئىسمائىل

ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئابدىرېھىم نازارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» دىن باشقا «دەھرىلىنجات» (نىجاتلىق دەۋرى) ئەسەرى 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن تەربىيىۋى رولى چوڭ، بەدىئى قىممىتى يۈكسەك ئەسەرلەرنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىيات غەزىنىمىزدە قىممەتلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇ ئەسەرنى نازارى قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمدارى ـ زوھۇرىدىن ھاكىم ئوردىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە يازغان بولۇپ، 1842 ـ يىلى (ۋاپاتىدىن 6 يىل بۇرۇن) مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان.

شائىر كىتابىنىڭ خاتىمىسىدە بۇ ئەسەرنى خاننىڭ ئەمرى بىلەن يازغانلىقىنى، كىتابقا «دەھرىلىنجات» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنى، كىتابنى ئوقۇغانلاردىن دۇئادا ياد ئېتىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ خارىزار بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

يېتىپ ئەمىر ئالى مەن زارغە،
قەلەم تەۋسىنى تۈشتى رەفتارغە.
دىدى: جەمئى قىلغىل سوئالۇ ـ جاۋاپ،
ئانىڭ زەمنىدىن بارچە تاپسۇن ساۋاپ.
بۇ ئەمىر ئېزىدىن بولۇپ مۇنپەئىل
شۇ بىلە ئانچە بولدۇم خىجىل.
سۇلايماندىن بولسا نەزەر مورغە،
تىلى كېلمەس ئانىڭ مەئزۇرغە.
نىزارى جاھان ئىچرە زارۇ ـ نىزار
مۇھەببەت مەيىگە بولۇپ ئىنتىزار.

«دەھرىلىنجات» ئىجتىمائى، ئەخلاقى، دىنى مەزمۇنغا ئىگە سوئال ـ جاۋاپ تەرىقىسىدە تۈزۈلگەن دىداكتىك داستان بولۇپ، شۇ دەۋردە جاۋاپ بېرىش قىيىن ھېساپلانغان 97 سوئالغا جاۋاپ بېرىدۇ (كىتابتا بىرى كام يۈز سوئال دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمەلدە 97 سوئالنىڭ جاۋابى يېزىلغان). سوئال مۇدىرىخۇدىن دىگەن كىشى تەرىپىدىن سورۇلۇپ، جاۋاپ مۇقبىل رۇشەندىل دىگەن كىشى تەرىپىدىن بېرىلىدۇ. مۇقبىل رۇشەندىل بىلەن مۇدىرىخۇدىننىڭ ئۇچرىشىش جەريانى، قىلىنغان سوئال ـ جاۋاپلارنىڭ مەزمۇنى، سوئال-جاۋاپ پەيتىدىكى ئۇلارنىڭ روھى ھالىتىدىن بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ دۇنيا قارىشى، مىجەز ـ خاراكتېرى، مەسىلىلەرگە قاراتا چۈشەنچىسى، ئىدىيە ئارزۇسى ۋە ئەخـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



لاقى-پەزىلىتىنىڭ قانداق قىلىقى ئېچىپ بېرىلىدۇ. چوڭقۇر بىلىمگە، مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە، ئادالەتپەرۋەرلىك — خەلقپەرۋەرلىك روھقا ئىگە بولغان مۇقبىل رۇشەندىل ياخشى ئادەملەرنىڭ تىپى قىلىنىپ، جاھىل — مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان بىلىمسىز، پەس تەبىئەتلىك مۇدبىر خۇدبىنىنى بەس-مۇنازىردە يېڭىپ، قايىل قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنى ياخشى يولغا مېڭىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايانكى، شائىر ياخشى يارىتىلغان بۇ ئىككى تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق، ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى زاۋالغا يۈز تۇتقان ئەكسىيەتچىل مۇتەئەسسىپ كۆچلەر بىلەن ئاقكۆڭۈل خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى قارىمۇ-قارشىلىق ۋە ئەخلاقى پەزىلەت جەھەتتىكى تۈپكى ئوخشىماسلىقلارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، فېئودالىزىم جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان، ئىلىم — مەرىپەتنىڭ نادانلىق ئۈستىدىن، يورۇقلۇقنىڭ جاھالەت ئۈستىدىن، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەزگۈچى ھۆكۈمرانسىنىپلار ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى جاكالاپ، يامان ئادەملەرنىڭ ياخشى ئادەملەرگە ئايلىنىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. داستان دۆلەت ئەرباپلىرىدىن تارتىپ تا ئادەتتىكى پۇقرالارغا قەدەر بولغان ھەممە كىشىنى بىلىملىك بولۇشقا، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئىنساپ دىيانەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، يامان خۇي، يامان قىلىقلاردىن قول ئۈزۈشكە مەسلىھەت بېرىدۇ.

داستان نەسىر، نەزم ئارىلاش يېزىلغان بولۇپ، كومپازىتسىيە — قۇرۇلۇشى پۇختا، تىلى ئىنتايىن گۈزەلدۇر. شائىر باشتا ئەنئەنىۋى كىتاب يېزىش ئۇسۇلى بويىچە ئاللاتائالا، پەيغەمبەرلەر ۋەچاريارلارغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئاندىن مۇدبىرخۇدبىن بىلەن مۇقبىل رۇشەندىلنىڭ ئۇچرۇشۇش جەريانىنى ھىكايە قىلىپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قىلىشقان سوئال — جاۋاپلارغا ئۆتىدۇ. ئەسەردە سوئال — جاۋاپلارغا كەڭ ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسى قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. كىتاپنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور كىتاپنى يېزىش سەۋەبى ۋە كۆپچىلىكتىن ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىتاپنى تاماملايدۇ. ئەسەردە ئاپتور ۋەقە — ھادىسىلەرنى، قىلىنغان سوئال — جاۋاپلارنى، كىتاپنى يېزىپ چىقىشتىكى سەۋەپ-ئۈمىتلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلسا، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ سوئال — جاۋاپلىرىغا قارىتا باھا، ھېسسىياتىنى نەسرى يول بىلەن يازىدۇ. بولۇپمۇ كۆپىنچىرەك ھەر بىر سوئال — جاۋاپتىن كېيىن ئاپتور ئىجابى پېرسوناژنى قوللاش، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بېرىلگەن جاۋاپنىڭ توغرىلىقىنى نەسرى جۈملىلەر بىلەن مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنى تەكىتلەپ تولۇقلاپ ئۆتىدۇ. ئەسەردە نەسىر بىلەن نەزمىنىڭ بۇنداق ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلىشى بۆلەكلەرنى بىر — بىرىگە باغلاش، ئىدىيە ھېسسىياتنى ئەركىن ئىپادىلەش رولىنى ئويناپلا قالماستىن ئەسەرنىڭ ئۆزگۈرۈشچان، يېقىملىق بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ئۇلۇغ شائىر نازارىدىكى يۈكسەك بەدىئى تالانتىنىڭ نامايەندىسى، ئەلۋەتتە.

ئەسەرنىڭ تىلى جەھەتتە شائىر ئۆز پىكىر — ھېسسىياتىنى قۇرۇقتىن — قۇرۇق، يالىڭاچ سۆزلەر بىلەن بېۋاستە ئىزھار قىلماستىن، ئىستىلىستىك ۋاستىلار بىلەن زىننەتلەنگەن. مەنتىقىلىقى كۈچلۈك بولغان ئەقلىيە سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ، ئەلىشىر ناۋائىينى ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۈپ-

تىسدە تونۇپ ، مۇناسىۋەتلىك يەرلەردە ناۋايى شېئىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ، ئۆز پىكرىنى بېيىتىدۇ .

« دەھرىيلىنجات » ئۆزىنىڭ مەيدانغا كەلگەن تارىخى دەۋرى تۈپەيلىدىن ساغلام بولمىغان كۆز قاراش ، دىنى ئېتىقادلاردىن خالى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئالغا سۈرگەن تۈپكى مەزمۇنى جەھەتتىن بۈگۈنكى كىشىلەرنى بىلىملىك ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ، شۇنداقلا بەدىئىيلىك ياغىدىن ئالغاندىمۇ هازىرقى زامان ئەدەبى ئەسەرلىرىمىزنىڭ تىل سەنئىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە . داستاندىكى شېئىرلار مۇتىقارىپ بەھرىنىڭ "پەئۇلۇن، پەئۇلۇن. پەئولون پەئۇل" ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ ، شېئىرىيمىزدىكى مۇئەممما تۈرىنىڭ ئېسىل ئۈلگىسى ھېساپلىنىدۇ .

مەن قىممەتلىك ئەدەبى مىراسىمىز بولغان « دەھرىيلىنجات » نى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش مەقسىدىدە ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ نەشرگە تەييارلىدىم . تەييارلاشتا كۆپچىلىكنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئەسلى نۇسخىنىڭ جۈملە گۈزەللىكى ۋە ئىپادىلەش ماھىرلىقىغا ھۆرمەت قىلىپ ، نەسرى ئۇسۇلدا يېزىلغان قۇرلارنى ھازىرقى زامان ئەدەبى تىلى ۋە جۈملە تۈزۈلۈش ئۇسۇلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ، ئىشلەپ چىقتىم . شېئىرلاردىكى چۈشۈنۈكسىز سۆزلەرگە لوغەت بەردىم . ئىشلەش جەريانىدا سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولسا ، يولداشلارنىڭ تۈزۈتۈپ كېتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن .

---

(بېشى 79 ـ بەتتە)

سېنىڭ قوينۇڭدا مەرىپەت دولدۇلىنى جاھان سەھنىسىدە چاپتۇرغان ئالىم مەھمۇت بوۋام ، يەنە يۈزلەپ مەشھۇر كىشىلەر ئۆسۈپ كامالەتكە يەتكەن . نەچچە تاغ يۈرەك ئارسلانلىرىڭ چىدىم توپاڭنى تۇتىيا قىلىپ كۆزلىرىگە سۈرتكەن ؛ مۇقام دەرىخى سەندە ئۆسۈپ كامالەت شاخلىرىنى ياياغان ؛ دۇنيا بالىخانىسىدەك ئېگىز چوققىلىرىڭدا ئۇلۇغ فارابى ئولتۇرۇپ ئىلىم ـ ھېكمەت قامۇسلىرىنى يازغان . سەن ئۈچۈن نەچچە ئەۋلات ۋۇجۇدىنى قىلمىشقان نىسار .

ئېخ ۋەتىنىم ! سېنى سۆيگەنلىگىم ـ كۆرەشچان خەلقىڭنى سۆيگەنلىگىم ، ساڭا جان تەسەددۇق قىلغانلىقىم ـ خەلققە جانىنى بېغىشلىغانلىقىم . سېنى بۇلبۇل بولۇپ مەدھىيىلەپ ، چاراڭلاپ سايرىيالىغىنىم ، ناخشا بىلەن سېنىڭ ئەمەس ، جاھان قاغا ـ قۇزغۇنلىرىدىن سىرىڭنى ، گۈزەللىگىڭنى پىنھان تۇتقانلىقىم . كۆز گەۋھىرىدەك دىلبەر جامالىڭغا ئەبەدى قونمىسۇن غۇبار .

ئەي ئۇلۇغلار ئەجرى سىڭگەن سۆيۈملۈك دىيار ! سەن ئۇلۇغلىقىڭ ، قەھرىمانلىقىڭ ، باياشلىقىڭ ۋە مەرتلىگىڭ بىلەن تونۇلىسەن ، چېلىشچان خەلقىڭ بىلەن ئۆزۈڭ سەپەرنىڭ قۇتلۇق ۋىسالىرىنى چوقۇم سۈرىسەن ، مىۋىلىكنىڭ ئاشنى پىرىپ يېتىمىز تارتقان ، مىسلىسىز شاخلىرىنى تارا پىغا كەڭ ياياغان قۇدرەتلىك چىنار .

www.uyghurkitap.com



# « دەھر دىلىنجات » تىن نەمۇنىلەر

ئابدىرېھىم نازارى

سۆز گۆھەرىنىڭ ئۇستىلىرى تىل ئالدىمىزنىڭ ئۇچى بىرلە سىلىقلاشتۇرۇلغان پىكىر جاۋاھىرلىرىنى قۇرلار يىپىغا تىزىپ، توپلام سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق ۋەقەنى مەلۇم قىلىدۇ:

خاۋران مەملىكىتىدە پاك نىيەتلىك، ئىنساپ - دىيانەتلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە ئىلىم - ھېكمەتتە تونۇلغان بىر كەمبەغەل دەرۋىش بار ئىدى. ئۇنىڭ بەركاتىدىن دەۋر ئېلىگە شادلىق، خاۋران مەملىكىتىگە ئاۋاتلىق يېتەر ئىدى. ئول دەرۋىشنىڭ ئىسمى مۇقبىل روشەندىل دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئىسمىغا لايىق ھالدا، خاۋران ئېلىگە ئىسىل پەزىلىتىدىن روشەنلىك بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ نامى جاھان كاتتىلىرى ئارىسىدا! مەشھۇر، ئەھلى جامائەت ئىچىدە مەنزۇر ئىدى.

نەزم:

دەر ئېردى ئانى مۇقبىل خاۋران،
ئاگا نامەزدىلىك مەلىك ھىندىستان.
ئادالەتتە نۇشىرىۋان كەمتېرىن،
ساخا ئىچرە كېلەلمەس يېقىن.
فىلاتۇن سۆپەت تەبئى كەلمىش سەلىم،
كى سۇقراتتەك ھېلىم ئىلە مۇستەقىم.

ھەمىشە دىلىدا خۇدا يادىدۇر،
تىلىدا داغى ۋەرد ئەۋرادىدۇر.
جاھانغا دانىشى تېپىپ ئىنتىشار،
ھەمە دانىش ئەھلى بولۇپ ئىنتىزار.
ئانىڭ پەزلى ئالەمگە شۆھرەت تاپىپ،
تاپىپ بەھرى ئېل، ئەھلى ھىكمەت تاپىپ.

ئالەمگە پاكلىقتىن پانا بېرىپ، ھەقىقەتنىڭ تۇتقىسىنى تۇتۇپ تۇرغان بۇ كىشى ھېمىشەم يېتىم - مۇساپىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئاجىز - پېقىرلەرگە ئاشىنا بولماقنى ئادەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ سېخىلىق بىلەن ئېچىلغان دەستۇرخانى غېرىپ - غۇربالار قوسىقىغا توقلۇق، قىلغان ئېھسانى پۇقرالار كۆڭلىگە خۇشلۇق بېغىشلايتتى.

بۇ ئىسىل پەزىلەتلىك كىشىنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى ئۆزگە مەملىكەتلەرگە تارقالدى.

ماۋران دىگەن يەنە بىر ئەلدە ئۆزى جاھىل، دىلى قاراڭغۇ، شەپقەتسىز، تىلى ئاچچىق ۋە تەكەببۇر بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مۇدبىر خۇدبىن دەپ ئاتىلاتتى.

نەزم:

دېپ ئانى ئولۇس مۇدبىر ماۋران
ئېرۇر ماۋراندا بەسى پاسىقان.
قانائەت ئىشىدە مۇدبىر ئىدى،

دىيانەت ئىشىغا مەكىرى ئىدى.
جاھان كارىدا كۆپ ئىدى دانىشى،
كى ئەقبا ئەمۇرىدە يوقتۇر ئىشى.
ئۆزى دانىشنى بىلىپ مۇئتەبەر،
تىلەك ئىرمەس دەر ئىردى ئاگا ھېچ ئەر.
ئىشىتكان ئىردى مۇقبىل ئەھۋالىنى،
مائارىپ ناماننىڭ ئىشىغالىنى.
ھەسەدتىن بار ئىردى كۆڭلىدە زەھەر،
نىھان دىلدا قىلماق ئىدى ئاگا قەھر.

ھەر كۈنى مۇدىر خۇدىبىن ئۆيىدە ئۆز يېقىنلىرى بىلەن بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، پاسقانە ئىشلارنى قىلىشىپ، كۈننى ئۆتكۈزەرئىدى، بەزمىدە بولىدىغۇر چاقچاق ۋە ھەرتۈرلى خۇشامەت سۆزلىرى ئېيتىلاتتى.

كۈنلەردە بىركۈن ئۇنىڭ ھويلىسىغا دەرۋىش قىياپەتلىك، ئوچۇق چىراي بىر مۇساپىر ئادەم كىرىپ كەلدى ۋە سورۇننىڭ ئايىغىدىن ئورۇن ئېلىپ، مەجلىس ئەھلىنى كۈزەتتى. مۇدىر خۇدبىن بۇ كىشىگە: "ئەي دەرۋىش! سىز قايسى چىمەننىڭ گۈلى ۋە قايسى گۈلشەننىڭ بۇلبۇلى بولىسىز؟ قىياپىتىڭىزدىن قارىغاندا سىز بۇ ۋىلايەتتىن ئەمەستەك كۆرۈنىسىز، ئەگەر خالىسىڭىز، سورۇنىمىزنى قىزىتىپ، جاھان كېزىش جەرياندا كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىشىڭىزگە بولارمۇ قانداق ؟!" دېدى. كۆڭلى يۇمشاق ئول كەمبەغەل ئادەم جاۋاپ بېرىپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

" ئىشىتكىل ئايا مۇدىر خۇدپەرەست،
كى سەن-سەن تەغافىل مېيى بىرلە مەست.
ئۆزۈڭدىن بۆلەكنى كۆرمەس كۆزۈڭ،
مۇئەسسەر ئەمەس ئانچە قىلغان سۆزۈڭ.
جاھان ئەھلىدە باردۇر پارسا،
ھەمە پەزلۇ، دانىشتە ئىرمىش راسا.
ئاگا نام ئۆلۈپ مۇقبىل خاۋران،
بولۇپ خاۋران مۈلكى دارىلئامان.
چۇ ھەق يادى بىرلە ئىرور يەكجەھەت،
تىلىدە ئىرۇر ھەمىشە مەئرىپەت.
داۋامەت كۆڭلىدە نىھان ۋىردى بار،
ئانىڭ پىكرىدە يادىپەرۋەردىگار.
قاراتاش گەر ئالدىدا ھازىر ئولۇر،
ئانىڭ پەزلى بىرلە جاۋاھىر ئولۇر.
چۇ ئاندىن كەسىپ ئېتەر ھەمەئىلىي قال،
بولۇر ئەھلى غەم ئاندە مەسرۇر ھال.
جاۋاھىر تۆكەر مەئرىپەت كانىدىن،
تاپار بەھرى ئېل پەيزى ئېھسانىدىن.
فىسادىغا ئېلىنىڭ ئىرور ئول سالاھ،
سىلوكەت تەرىقىدە شامۇ - ساباھ "
چۇ مۇدىر ئىشىتتى مۇساپىر سۆزىن،
چىنان رەشكىدىن يۇمدى ئىككى كۆزىن.
بۇ سۆزدىن چۈزايىل بولۇپ ئەقلۇ-ھۇش،
مالامەتتە بولۇپ گويا زەھەرنۇش.

ئەلقىسسە بۇ سۆز تەسىرىدىن مۇدىر خۇدبىننىڭ جىنىغا ئوت تۇتاشتى ۋە مۇقبىل رۇشەندىلغا قارىتا ھەسەتخورلىغى ھەددىدىن ئاشتى، ئۇ سۆھبەتنى شۇ يەردىلا ئاياقلاشتۇرۇپ، خاۋران مەملىكىتىگە بېرىپ، مۇقبىل رۇشەندىل بىلەن ئۇچرۇشۇشنى، ئۇنىڭدىن جاۋاپ بېرىش قىيىن بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە سوئال سوراپ، ئۇنى يېڭىشنى نىيەت قىلدى ۋە ماۋراندىن كۆڭۈل نىندۇرۇپ، خاۋران يولىغا ئاتلاندى.

نەزم :

كىرىپ يولغا مۇدىر چۇ ئولدى راۋان،
كى پايە ئۇرۇپ جانىبى خاۋران.
كېچە-كۈندۈز ئول سارى ئەيلەپ خىرام،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىمەك-ئىچمەك، ئۇيقۇنى ئەيلەپ ھارام.
نىچە كۈن چېكىپ رەنجى ۋادى ئارا،
قىلىبان جاھاننى كۆزۈمگە قارا.
ئۇرار ئەردى ھەسرەت بىلەن جۇش تىنىز،
ھەسەتتىن ئۇشۇل مۇدىرى بىتىمىز.
نىچە كۈن يۈرۈبان كۆرۈندى ھىسار،
كۆرۈپ مەلەكنى كۆڭلى تاپتى قارار.
چۈداخىل بولۇپ شەھەرگە بۇ كېچە،
بولۇپ كىبىرىدىن ھالى ئۆزگىچە.
كېلىپ بىر ماكاندا نىشەست ئەيلىدى،
كى دەرمان كېتىپ ئۆزىنى پەست ئەيلىدى.
كېلىپ ئولزامان ئانچە پىكرى ئەمىق،
خىيال ئەتتى ئانچە سوئال دەقىق.
تولۇق ئەتتى چۇن ئاپتابى جاھان،
مۇنەۋۋەر بولۇپ نۇرىدىن خاۋران.

مۇدىر خۇدىبىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كېچىنىڭ قارا قۇزغۇنلىرىنى سۈبھىنىڭ سۈزۈكلىگى ھەيدەپ، يەر-جاھاننىڭ نۇرغا چۆمگەنلىگىنى كۆردى-دە، ئورنىدىن تۇردى، ئۇ كېتىۋاتقان بىر كىشىدىن مۇقبىل رۇشەندىلنىڭ يۇرت-ماكانىنىڭ قەيەردىلىگىنى سورىغان ئىدى. ئۇ كىشى مۇقبىل رۇشەندىلنىڭ ياخشى سۈپىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرار جايىنى ئېيتىپ بەردى. مۇدىر خۇدىبىن ئىزدەپ-سوراپ مۇقبىل رۇشەندىلنىڭ ماكانىنى تېپىپ ئۆيىگە كىردى. بۇ چاغدا مۇقبىل رۇشەندىل ئېقىل نۇرى بىلەن پاست خىيال مۇدىر خۇدىبىننى تونۇپ، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۇنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە: «ئەي مۇساپىر غېرىپ بىناۋا! سىز قايسى دىياردىن نېمە مەقسەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ بۇنى ماڭا بايان قىلىڭ!» دەپ ھال-ئەھۋال سورىدى. مۇدىر خۇدىبىن نەزمە بىلەن بۇنداق سۆز ئاغاز قىلدى:

نەزم:

ئايا مۇقبىل، مەردۇ رۇشەن دەمىر،
سوئال ئەيلەبەككە كېلمەن پەقىر.
ئاتىم مۇدىر شەھرىمىز ماۋران،
كېلمەن سېنى كۆرگىلى خاۋران.
ئىشىتتىم سۈپاتىڭنى ئالەمئارا،
ھەمە نىكوبەد ئەيلىگەي ماجرا.
سېنىڭ دانىشىڭ ئانچە شۆھرەت تۇتۇپ،
ھەمە پەزل ئىلى سىزگە رىغبەت تۇتۇپ.
بارى دانىش ئەھلى كى سۆھبەت ساڭا،
چۇ ھاسىل قىلىپ ئانچە رىغبەت ساڭا.
قىلىپ مەن سېنى كۆرگىلى ئارزۇ،
سېنى تاپقىلى ئەيلىدىم جىستىجۇ.
رىيازەت چېكىپ، رەشت پىما بولۇپ،
نىچە كۈن ماڭا دەشت مەئما بولۇپ.
كېلىپمەن جانا بىلگىلە ئىستەپ كامال،
ساڭا نىكۇبەت ئەيلىگۈمدۇر سوئال.
قاباھەت سۆزۈم ئەيلىگىل ئىستىلاھ،
پاساھەت بىرلە ئاڭا بەرگىل سالاھ.
قەبىھ لەبزىلەرنى چۇ تەھۋىل ئېيتىڭ،
يامان سۆزلەرنى ياخشىغا چۇ تەبدىل ئېيتىڭ.

مۇقبىل رۇشەندىل بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ ئەيتتىكى: "ئەي مۇدىر خۇدىبىن! سەن كۆپ ئېقىلسىز ۋە جاھىل تەبىئەتلىك ئادەم ئىكەنسەن. سۆزۈڭنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، سېنىڭ بەرگۈمانلىقىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، سەن مەندىن ئىمتىھان ئېلىپ، جاۋاپ بىرەلمىسەم ئاۋرىي تېپىپ، كۆڭلىڭنى ئاۋۇتۇشنى ئويلاپسەن، سېنىڭ بۇنداق ناتوغرا غەرىزىڭ ۋە قىلغان بىھۇدە سۆزۈڭ پۈتۈنلەي خاتا. ئەگەر ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەن بولساڭ، قېنى كۆڭلۈڭ غەرىزىسىدىكى ھەممە كەمباھا جاۋاھىرلىرىڭنى ئوتتۇرىغا تۆككىل، تىل پاكلىقى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ساپلىق بېغىشلاپ ئۇنى

جاھانغا ئاشكارا قىلاي ۋە بۇ قاباھەت سۆزلىرىڭنى تۈزۈتۈپ، ئۇنىڭغا پىكرىدىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن زىننەت بېرەي! چۈنكى، سەن مەئنا ھەقىقىتىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقىڭدىن ئاغزىڭغا كەلگەننى ئېيتىپ، سۆز يورغۇلۇتۇشتىن ئۇياتمايسەن.

نەزم:

ئايا مۇدىر، ئەمدىكى قىلغىل سوئال،
تەرەددۇت ئىلە بولما سەرگەشتە ھال.
بايان ئەيلە كۆڭلۈڭدىكى مۇددىئا،
تەۋەججۇھ ئىلە ئەيلىيىن ئىلتىجا.
خۇدا خالىسا بەرگۈمىزدۇر جاۋاپ،
جاۋابىمغا كۆز تۇتۇپ، تۇرقاراپ!

مۇدىر خۇدبىن كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ئىپادىلەپ، تۈرلۈك مەسىلىلەردە سوئال سوراشقا ۋە بېرىلگەن جاۋاپقا دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قارىتىشقا تۇتۇندى.

........................................

(مۇدىر خۇدبىن ئىمان، ئىسلام، سۈرە ـ ئايەتلەرنىڭ خاسىيىتى، ئاللاتائالاۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىلىرى، ئۇلۇغ ئاي ـ كۈنلەر، تەبىئەت ھادىسىلىرى، دوزاق ـ جەننەت ۋە ئۆلۈم ـ يىتىم ئىشلىرىغا ئائىت 40 سوئال سوراپ، مۇقبىل رۇشەندىلدىن قانائەت تاپقىدەك جاۋاپ ئالغاندىن كېيىن، سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

41 ـ سوئال نەزم:

بەسى مۇشكۇل ئېرمىشكى سەككىز نىمە
ئەگەر باشقا كەلسە قىلۇردا ھەمە.
ئەگەر قىلسا تاقەت نەتىجە تاپار،
دىيانەت بىرلە بولغۇسى بەرقارار.

بۇ مۇشكۇلنى قىلغى ئاسان ماڭا،
تۇرۇپ دەرگەھىڭدە تىلەندىم ساڭا؟

جاۋاپ:

مۇقبىل رۇشەندىل بۇ سوئالنىڭ جاۋابىدا تىلىنى بۇلبۇل يەڭلىغ ناۋاغا كىرگۈزۈپ بۇنداق دىدى: "ئەي مۇدىر خۇدبىن! ئىشتىكىلكى، مۇشكۇل بولغان بۇ سەككىز نەمەرسىنىڭ 1 ـ سى، بىر كۈن بولسىمۇ غۇربەت چەكمەكلىك. 2 ـ سى، بىر سائەت بولسىمۇ سەپەردە بولماغلىق، 3 ـ سى، بىر قېتىم بولسىمۇ نادان بىلەن ئالاقە ـ مۇناسىۋەت قىلماغلىق. 4 ـ سى، ھەر قانچە ئاچچىقى كەلگەن تەقدىردىمۇ سەبرى قىلماغلىق. 5 ـ سى، بىر بولسىمۇ قىز بالىنىڭ دەردىنى تارتماقلىق. 6 ـ سى ئاز بولسىمۇ قەرز سورىماقلىق .........
(7 ـ 8 ـ، سى كىتاپقا يېزىلمىغان)

نەزم:

كېلىپ مۇشكۇل ئەمما بۇ سەككىز ئەمۇر
چۇ ئىنسان بېشىدا تېپىپدۇرزەھۇر.
بۇ ئىشقا كىشى سەبىر ـ تاقەت قىلۇر،
خۇدايىغا گويا ئىبادەت قىلۇر.

مۇدىر خۇدبىن بۇ جاۋاپنى ئىشتىپ، يەنە سوئال سورىماق ئۈچۈن خىيال باياۋانىغا كەتتى ۋە ھىكمەتلىك گەپلەر كىيىكىنى ئوۋلاپ، ئۇنى ئارزۇ سالغۇسى بىلەن تۇتتى. مۇدىر خۇدبىن شۇنداق دىدى: "ئەي زامانىنىڭ پىرى ئۇستازى ۋە ئەي دەۋرىنىڭ يىگانىسى! سەندىن يەنە سوئال سورىماقچىمەن. سەن جاۋابىڭ گەۋھەرلىرىنى ماڭا ھەدىيە قىلغايسەن، ئۇنى جېنىم بىلەن دىلىمنىڭ قۇلىقىغا تاقىغايمەن"

مۇقبىل رۇشەندىل: "بولىدۇ، كۆڭلۈڭدە

قانداق مۇددىئا يىلىك بولسا! ئەيتقىل، قولۇمىنىڭ يېتىشىچە جاۋاپ بەرگەيمەن» دەپ ئەيتتى.

45 ـ سوئال نەزم:

قىيامەتكىچە تىنمايىن دەربەدەر،
قىلۇر ئەسلا ئارام ئالماي سەپەر.
چۈيۈق ئوزىدە ئىختىيارى ئانىڭ،
تۈشەرغە، تۇرارغە قارارى ئانىڭ.
دىگىلكى ئىدۇركىم بۇ سۆزگە دەلىل،
بۇ سۆز مەئىنىسىنى ئەيلە رۇشەن جەمىل؟

جاۋاپ:

مۇقبىل رۇشەندىل بۇ سۆز مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، قىقنۇسقا ئوخشاش ئېقىلنىڭ تىلىنى سادىغا كىرگۈزدى: «بۇ ئاددى سوئالنى سورىغىنىڭدىن قارىغاندا، سەن پاراسەت ئەيىنىگىدىن بىخەۋەر ئىكەنسەن. بىلكى، سەن دىگەن ئىككى مۇساپىر ـ ئاي بىلەن كۈندۇر. ئۇلار يارىتىلغاندىن بىرى توختىماي، ئارام ئالماي، مۇساپىرانە يول يۈرمەكتە. قاچانكى قىيامەت بولغاندا بۇ مۇساپىرلار خۇدايىتائالانىڭ ئەمرى بىلەن توختىغۇسىدۇر.

نەزم:

قىيامەتكىچە سەيرى ئېتەر ئايۇ كۈن،
قىلىپ بېشىنى چەرختە سەرنىگۈن.
قاچانكىم قىيامەت بولۇر توختىغاي،
ئۇ شۇدەم خۇدا ئەمرىدە يورمىغاي.

مۇدبىر خۇدبىن بۇ جاۋاپنى ئىشتىپ شۇنداق دىدى: «ئەي ئوچۇق كۆڭۈل دانىشمەن بوۋا! بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى جان دىلىمغا ئالدىم ۋە مەئنالارنى كۆڭلۈمگە سالدىم، يەنە سوئال قىلمىسام قانائەت تاپمايدىغاندەك تۇرىمەن. ئەينەكتەك پاكىز خاتىرەڭگە تىلىمىنىڭ توپىسىدىن چاڭ قونمىسۇن. سوئالىمنى سوراشقا رۇخسەت قىلساڭ». پاراسەتلىك مۇقبىل ئىجازەت بەردى.

46 ـ سوئال نەزم:

بىراۋ ئۈچ قاراڭغۇ ئىچىدە نىھان،
تىرىك بەتىندە ئول تىرىكتۇر راۋان.
ئالىب جانى يوقتۇرچۇ بىر جاندار،
بىرىپ زىندە جاننى قىلدى نىسار.
دەلىلىنى ئەيتقىل بۇ بىجان سۆزۈم،
بۇنىڭ مەئىنىسىنى بىلىمگەيمەن ئۆزۈم؟

جاۋاپ:

بۇ سوئالنى ئىشتكەن مۇقبىل رۇشەندىل ئېقىل-پاراسەت ئېتىنى چاپتۇرۇپ، مەئىنىلەر مەيدانىدا جەۋلان قىلىپ شۇنداغ دىدى: «ئەي مۇدبىر خۇدبىن! ئاگاھ بولغىلكى، ئۈچ قاراڭغۇ ئىچىدە قالغان يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدۇر. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى ھەق تائالانىڭ ئەمرى بىرلەن نەھەڭ يۇتتى. ھەقتائالا كېچىنىڭ قاراڭغۇلىغى، دەريانىڭ قاراڭغۇلىغى، نەھەڭ قارنىنىڭ قاراڭغۇلىغىدىن ئىبارەت ئۈچ قاراڭغۇلۇقنى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا كۆرسۈتۈپ، قىرىق كۈندىن كېيىن ئۇنى يورۇقلۇققا چىقاردى.

جانسىزنى جانلىق ئالغان ۋەقەشۇلدۇركى، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنگۈشتىرىنى (ئۈزۈكىنى) دىۋە ئوغۇرلاپ، دەرياغا تاشلىغاندا، بېلىقلاردىن بىرى ئۇنى يۇتتى. بۇ بېلىقنى بىر سەييات دەرياغا تور سېلىپ تۇتۇپ قارنىنى ياردى. سەيياد ئەنگۈشتەرنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇپ بەردى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ ئەنگۈشتەرنى سېلىپ، يەنە ئاۋالقىدەك تەختى-سەلتەنەتكە ئولتۇردى.

نەزم :

كالامىمنى كۆڭلۈڭگە تەھقىق قىل،
بۇ ئەخبارغا ئەمدى تەستىق قىل.
تولا گۇپتىگۇ ئەيلىدىڭ جاھىلا،
نە بولسا سور تىنمايىن سائىلا؟

بۇ جاۋاپ بىلەن مۇدىر خۇدبىننىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق شەك قالمىدى. ئۇ، ئۆزى بىلەن كېڭىشىپ دېدىكى: «بۇچاققىچە ھەر خىل قالايمىقان سوئاللارنى تەكرارەن سوراپ، جاۋابىنى ئاڭلىدىم. ئەمدى دوستلۇق ئالاقىسىنى تۇتۇپ، يامان خىياللارنى كۆڭۈل سەھپىسىدىن تازىلاپ، سادىق نىيەت بىلەن بىر قانچە سوئاللارنى بىر يولىلا سوراپ، جاۋابىدىن پايدا ھاسىل قىلغايمەن»

ئۇ، بۇ مەقسەت بىلەن مۇقبىل رۇشەندىلغا كۆڭلىدىكى مۇددىئانى ئايان قىلدى.

ئولھىدايەت پانا (پانالىقنىڭ توغرا يولىنى كۆرسەتكۈچى) ۋە تەرىقەت دەستىگاھ (تەرىقەت تۇتقۇسىنى تۇتقۇچى) دېدىكى: «ئەي مۇدىر خۇدبىن، ئېقىلسىزلىق دائىرىسىدىن چىقىپ، گۇمانخورلۇق تۇزىدىن ئۆزەڭنى يېقىننىڭ، توغرا نىيەت، قائىدە بىرلە سوئال سوراش يولىنى تۇتقىنىڭ ياخشى بولدى، مەيلى، قانداق سوئالىڭ بولسا سورا، بىلگىنىمچە جاۋاپ بېرەي»

مۇدىر خۇدبىن ئارقىمۇ-ئارقا بىر قانچە سوئال ئاغاز قىلدى.

48 - سوئال نەزم:

نېچە نەرسە ئۆمرىنى قىلغاي زىياد،
ئانىڭ ۋەجھىنى ئەيلىگىز بىزگە ياد؟
ئەمەل ئەيلىبان تاپقان مەن پائىدە،
قىلايمەن ئىشنى ھەركۈنى زائىدە؟

جاۋاپ نەزم:

چۇ مۇقبىل دېدى: «ئەي مۇدىر، بىلىڭ،
بۇ - ئون نەرسىدۇر، سىز كۆڭۈلگە ئېلىڭ.
بىرىدۇر ئانىڭكى - ساخا قىلمىقىڭ،
ئاتا ۋە ئانا ئەمرىدە بولمىقىڭ.
بىرىدۇر-كېچە قىلسا دائىم ناماز،
بىرى تەۋبەدۇر قىلسا ئەرز نىياز.
بىرى سۇبھىدىن ئىلگىرى قوپمىقىڭ،
بىرى چاشت نامازىن ئادا قىلمىقىڭ.
بىرىدۇر جامائەت، بىرىدۇر كالام،
خۇدا يادىغا ئەيلىگىل ئىھتىمام.
رۇسۇل خۇداغا دۇرۇت ئەيلىگىل،
خۇدايىغا دائىم سۇجۇد ئەيلىگىل.

50 - سوئال نەزم:

دېدى: كىمدىن ئەمىن بولاي خەلق ئارا،
كى ئاندىن ماڭا يەتمىگاي دەپ بالا.
جاۋابى نىدۇر بىزگە ئىلان قىلىڭ،
كۆڭۈل ئىچرە مۇشكۇلنى ئاسان قىلىڭ؟

جاۋاپ نەزم:

دېدى: دوستىدۇر سىزگە بەدخاھ ئېمەس،
دىلىدا ئانىڭ گۇناھ ھەمرا ئەمەس.
بۇرەڭ دوستتىن ئەمىن بولماق كېرەك،
چىنان ئېتىقاد ئاڭا قىلماق كېرەك.

51 - سوئال نەزم:

نە ئىشتىن كىشىگە ھاقارەت كېلۇر؟
ئانىڭ شۇغۇلى بىرلە خىجالەت كېلۇر؟
مۇبەرھەن قىلىڭ سۆزنىڭ ئىزھارىنى،
بىلەيكىم بۇ مەئنانىڭ ئاخبارىنى.

جاۋاپ نەزم:

كىشىكىم ئۆزىنى قىلىپ ئېتىبار،
تەكەببۇر ھاۋاسىدا قىلسا قارار.

uyghurkitap.com


يىتەر دەھرىدىن كۆپ ھاقارەت ئاڭا،
كى ئىنسان ئىچىدە خىسارەت ئاڭا.

52 ـ سوئال نەزم:

يىگىتلىكتە قايسى ئىبرۇر ياخشى كار؟
ئانىڭدىن كىشى بولغاي كامكار؟
زەمىرىنى رۇشەن قىلىڭ زاھىدا!
بۇ مەئنىدىن ئاگاھ قىلىڭ ئابىدا؟

جاۋاپ نەزم:

جۇۋانلىقتا ياخشىكى شەرمۇ-ھايا،
كى ئاداب ئىلە ئۆزىنى قىلغىل فەنا.
بۇ ھىممەت ئىلە بولغىل ئانچە دىلىر،
ئۆزەڭگە قىلىپ شەرمىنى دەستىگىر .

55 ـ سوئال نەزم:

دىدى: نىچە ئىش كۆزنى رۇشەن قىلۇر؟
بۇ پەژمۇدە دىللەرنى گۈلشەن قىلۇر؟
بايان ئەيلىگىل كۆزنى رۇشەن قىلاي،
كۆڭۈلنى بۇ ئىش بىرلە گۈلشەن قىلاي.

جاۋاپ نەزم:

قىلۇر ئول نىمە چەشمىنى نۇرلۇق،
يىتەر دىلغا ئاندىن چۇمەسرۇرلۇق؟
بىرى چىھرىئى شاھى ئادىل ئىرۇر،
بىرى—جەبىنئى پىرى—كامىل ئىرۇر.
بىرى—سەبزىيۇ، بىرى—بەيتىلھەرام،
بىرىدۇر ئاب جارى، بىرىدۇر—كالام،
بىرى — ياخشى خەتتۇر ئاتا ۋە ئانا،
بىرىدۇر—زەر، بىرى—جامالى زىبا.

56 ـ سوئال نەزم:

نىچە نەرسە قىلغاي ئادەمنى قىرى،
ئانىڭدىن بۇزۇلغاي تۆزۈك پىكرى.
ئانى قىلغان ئەر ناتىۋانلىق كۆرار،
داغى جىسمىدە خەستە جانلىق كۆرار؟

جاۋاپ نەزم:

ئىبرۇر بەش نىمە پىرلىككە سەبەپ،
ئانى قىلغان ئەيلەر ئۆزىگە غەزەپ.
بىرى—قەرزدۇر، بىرى—ئەپتادىلىك،
بىرى—قىش ـ ياز ئىشقا ئامادىلىك.
بىرى—غەمدۇر، بىرى—غۇربەت دۇرۇر،
بىرى—يار ئۈچۈن داغى پۇرقەت دۇرۇر.

57 ـ سوئال نەزم:

نىچە نەرسە قىلۇر دىلنى رۇشىنا،
ئانىڭدىن تاپۇر بۇ كۆڭۈلغا ساپا .
ئانى ئاڭلىسام بولغامەن شادىبان ،
ئايا مۇرشىدىم بىزگە ئەيلەڭ ئايان؟

جاۋاپ نەزم:

دىدى: بەش نىمە دىلنى قىلغاي يورۇق،
مۇنى قىلسا بولغاي خۇداغا يارۇق.
بىرى—ئاز يىمەك ، كۆپ تىلاۋەت ئىرۇر،
بىرى—نىسبى شەبتە ئىبادەت ئىرور.
بىرى—ئالىم ئەھلىغە بولماق يېقىن،
بىرى—قاچسا زالىم ئىلىدىن كېيىن.
بىرىدۇر ئانىڭ قىلسا ئۇيقۇنى ئاز،
بولۇر قايغۇدىن كۆڭلى چۈنسەرپىراز.

58 ـ سوئال نەزم:

دىدى: قايسى ئىش بولەلىك كىلتۇرۇر؟
ئۆزىگە ئۆزى ئول زەرەر يەتكۈزۈر؟
سەن ئەيتقىل،زەمىرىنى پەرھىز ئىيتەي،
نەدىبىدۇر، ئانىڭ مەئنىسىغا يىيتەي؟

جاۋاپ نەزم:

بولۇر تۆرت ئىشتىن كىشى بولەۋار،
بىرىدۇر—ئۆزىن كۆرسە ئىپتىبار.

بىردۇر — كىشى ئەيىبىن ئىستىماك،
بىردۇر — بىخىللىقتا لوقما يىمەك .
بىردۇر — قىلسا ئۇلكىم بىراۋدىن تەمەئ ،
بۇ ئىشدۇر كىشىگە بارى مۇمتەنەئ .
ئەگەر ئاقىل ئىرسەڭ كى ياد ئەيلىگىل،
بۇ سۆزگە داغى ئىنقىياد ئەيلىگىل.

59 — سوئال نەزم:

دىدىكىم، سائادەت نىشانى نەدۇر؟
كى ئول ياخشى ئىشنىڭ بايانى نىدۇر؟
ئول ئىشنى قىلىبان سائادەت تاپاي،
كى بۇ پەئلى بىرلە كارامەت تاپاي؟

جاۋاپ نەزم:

كىشى تۆرت ئىشدىن سائادەت تاپۇر،
ئانى قىلسا ئالەمدە راھەت تاپۇر .
بىرى — راست سۆز، تەركى كەززاپلىق،
بىردۇر — تاۋاز زائىدە ئادابلىق.
بىرى ئۇلكى كەسب كامالغا سەئى —
قىلىپ ، قىلسا رىزق ھالالغا سەئى.
بىرى — رازنى ساقلاماغلىق نىھان،
كى ، ئەسرارنى قىلماغىل سەن ئايان.

61 — سوئال نەزم

كىشى ياندۇرالماس نىمە قايسىدۇر ؟
كى يانماس ئالەمئارا قىلسا زور.
كىشى ئىستاگاي ئانچە ياندۇرماغىن،
كى بۇ ئەمرلەرگە كىلالماس يىقىن؟

جاۋاپ نەزم:

كىشى ياندۇرالماس نىمەرسە چاھار:
بىرى — ئاتقان ئوقكىم، قاچان ئۇ يانار؟
بىرى — ئۆمۇردۇر ياندۇرالماس كىشى،
بىردۇركى يانماس قازانىڭ ئىشى.
بىرى — سۆز دۇرۇر چىقسا ئول يانىغاي،
كىشى بۇ تۆرت ئىشنى ياندۇرمىغاي.
بۇ سۆز زەمىنغە خەبەردار بول،
كى غافىل ئىسەڭ ئىمدى ھۇشيار بول.

64 — سوئال نەزم:

ئىككى ئالەم ئىچرە سائادەت نىدۇر؟
سائادەت تاپۇرغا ئىبادەت نىدۇر ؟
قىلىبان ئانى بولغامەن شادىمان،
بولاي ئاخىر ئىككى جاھاندا ئامان .

جاۋاپ نەزم:

رۇسۇل خۇدا ئەمرىدە ئول جوۋان،
سائادەت تاپار ئولكى ئىككى جاھان.
بىردۇركى ئەمرى ئاتا ۋە ئانا
ئاتا ۋە ئانا بولسا سەندىن رىزا؛
بىردۇركى ئىلىم ئەھلىنىڭ خىزمىتى،
بىرى ئەيلىسە خەلققە شەپقىتى .
بۇ تۆرت ئىش بىرلە تاپقۇسى خەيرىيەت،
ئىككى دەھرىدە بولغۇسى ئەمنىيەت.

67 — سوئال نەزم:

دىدى: شاھنىڭ ياخشىسى قانداق بولۇر؟
نە ئىشدا ئادالەت تەرىقىن بىلۇر؟
نە ئىشدىن يىتار شاھقا شادلىق ؟
نە ئىشدىن يىتار مەلك ئابادلىق؟

جاۋاپ نەزم:

دىدى: شاھ بولسا دىيانەت رەۋىش ،
يوق ئىرسە رەئىيەتكە كىم ئۇرسانىش.
چۇ زالىملىرىدىن خەۋەردارد ۇر،
ئاداب بەرسە ئولكىم دىل ئازاردۇر.
رائايا غا يەتكۈزسە ھەر كىم زەرەر،
ئانى قىلغان ئولى ئول ئىشدىن بەدەر.
ئەمەلدار دىۋاندا يالغان پىتور،
ئانىڭ كولكى دىۋانغا بەرگەي فەتور.

70 . سوئال نەزم:

ياماں شاھ قايسى ئايان ئەيلىگىز،
ئانىڭ پەئلىن ئاما بايان ئەيلىگىز؟
ياماں شاھقا بولسۇن ئىبرەت كالام،
ياماںلىققا ئول قىلمىسۇن ئىھتىمام ؟

جاۋاپ نەزم:

دىدىكىم: ياماں شاھ پاسىق ئولۇر،
ھەمىشە كى رەددە خالايىق ئولۇر.
ئۆزىنىڭ سوراغىن كىشىگە بېرىپ ،
رەئىيەتنى تاشلاپ ئويىغە كىرىپ .
كېلىشتىن-كېتىشتىنكى پەرۋاسى يوق،
مۇنى بىكىلى جەننەتتە مەئۋاسى يوق.
چۇ دەيۇسلەردەك مىسالى ئانى،
قىيامەتتە دىشۋار ھالى ئانى.

88 ـ سوئال نەزم:

ئۇلۇغدۇر ئۆزى، ئول كۆرىنۇر كىچىك،
كۆرار ئانى ئالەمدە كىمدۇر تىرىك.
جاھاندا ئول ئىشنى سەھىل بىلگۈسى،
بۇ رەڭ پەئلىنى ھەر كىشى قىلغۇسى.

جاۋاپ نەزم:

دىدى: تۆرت ئىش كىچىك كورگاي ئول،
ئەجىب كورگان ئېلدۇر ئەجەب ساددا-گول.
بىرىدۇركى، دۈشمەننى كورگاي ھەقىر،
بىرىدۇركى، كېسەلنى قىلماس نەزىر.
بىرى- ئوتدۇرۇر زەررى ئولسا ئۇلۇغ،
بولۇپ كۆيدۇرەر ئاندە ھۆل ۋە قۇرۇغ.
بىرىدۇركى، دانىشنى كۆرگاي كىچىك،
بۇ ئەيپىنى ئەيلىگەن ساددىلىك.

91 ـ سوئال نەزم:

نىدۇركى ئول ئىنسانىنى قىلغاي زەئىپ،
بۇ ئىشلەر ۋۇجۇدىنى قىلغاي نەھىپ.

جاۋابىن بىرىڭ دىلغا تەئلىم ئېتاي ،
ئەمەل ئەيلىبان بەلكى تەسلىم ئېتاي.

جاۋاپ نەزم:

دىدى: تۆرت ئىش دىلنى رەنجۇر ئېتەر،
بەدەننى زەئىپ ، دىلنى بىنۇر ئېتەر.
بىرىدۇركى، دۈشمەن تولا بولماقى،
بىرى- قەرزگە مۇپتىلا بولماقى
بىرىدۇر- بىراۋنىڭ بالاسى تولا،
بۇ ئالەمدە ئانىڭ جاپاسى تولا.
بىرىدۇر- داغى مالنى كاملىگى،
بۇ ئىش بىرلە يوقتۇر خۇررەملىگى.

96 ـ سوئال نەزم :

دىدى قايسىدۇر كىم ياماندىن يامان،
ئانىڭدىن يېتەر دەھر ئىلىگە زىيان ؟
ئانىڭ دەردىدىن بارچە قان يىغلىغاي،
كى ئەقىل ، دىل بىرلە جان يىغلىغاي؟

جاۋاپ نەزم:

بۇ ، دىۋاندا تۇرغان ئەمەلداردۇر،
قەلەم بىرلە ئەلگە جاپاكاردۇر.
كېرەك بولسا بىر، ئانى ئون يازغۇچى،
قەلەم نۆۋكىدە ئېلنى ئازدۇرغۇچى.
بىراۋمالىنى ئالسە بەيئەت ئىلە،
قالۇر ئول كىشى داغۇ-ھەسرەت ئىلە.
ياماندۇر ياماندىن ، پەلىددىن پەلىد،
كى يوق زاتىدا ياخشىلىقتىن ئۇمىد.
.........................................

ئەلقىسسە ، سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋاپتىن مۇدبىر خۇدبىننىڭ دىلىدا ساپلىق ھاسىل بولدى. مۇقبىل رۇشەندىلنىڭ خىيال قۇشى مۇدبىر خۇدبىن دىلىنىڭ تۇخۇمىنى مەئرىپەت قانىتىغا باسۇردى . ئۇنىڭدىن دىنالىقنىڭ چۈجىسىنى چىقىرىپ ۋە قانات - قۇيرۇق پەيدا

قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن مۇدىر خۇدىبىنىنىڭ كۆڭلى پەرۋاز قىلغان ھالدا دىدىكى : "ئەي ھىدايەت يولىنىڭ ئىگىسى ۋە تەرەققىيات كوچىسىنىڭ يولباشچىسى بولغان كىشى ! ئالدىڭدا ئەدەپسىزلەرچە ئېغىز ئېچىپ ، ئىگىز - پەس سۇئاللارنى سورىدۇم . سەن قەلبىم ئەينىكىنىڭ دېغىنى لەبزىڭنىڭ پاكلىغى بىلەن ساپلاشتۇردۇڭ ، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەكمۇ سۆيۈندى . مانا مەن تەۋبە ۋە خىجالەتچىلىك پەگاسىدا تۇرۇپ، پۇشايمان سۆزىنى ئەيتىپ، كەرىمىڭگە تەلپۈرۈپ تۇرۇپتىمەن" ......

مۇدىر ئىرادە قولىنى توغرا يول كۆرسەتكۈچى دانىشمەنگە سۇندى ۋە مۇھەببەت رىشتىسىنى موقىبىل رۇشەن دىلىنىڭ مېھرىگە باغلىدى . ئۆزىنى چىرماپ تۇرغان دۇنيا ئىشلىرى ئارغامچىسىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، مەئرىپەت كوچىسىغا يۈزلەندى.

## لوغەت

رەپتار — يۈرۈش
مەلك — مەملىكەت
ساخا — سېخىلىق
سېلىم — تولۇق
ھېلىم — مۇلايىم، يۇمشاق
موستېقىم — توغرا، تۈز
داغى — يەنە
ۋىردئەۋراد — ۋەز، نەسىھەت
ئىنتىشار — شوھرەت، داڭقى
پەزلى — ئارتۇقچىلىق
ئولۇس — خەلق، ئامما
بەسى — ناھايىتى، ئىنتايىن
مۇدىر — چارىلىك، تەدبىرلىك
مەكىر — ھارامزادە
ئوقبا — ئاخىرەت
ئەمۇر — ئىش
مور — چۈمۈلە
نىھان — يوشۇرۇن
خۇدپەرەست — ئېقىلسىز
تەغاپىل — غاپىللىق
مۇئەسسەر — تەسىرلىك
پارىنما — دىنا، پارىلەنتلىك
دارىلئامان — ئامانلىق جاي
يەكجەھەت — بىر تەرەپ
ئىلمى قال — شەرئىيەت ئىلمى
مەسرور — خۇشال
فەساد — پىتنە، ئىغۋا
سالاھ — تۈزۈتۈش
چىنان — كۆپ
زايىل — يوقۇتۇش
نۇش — ئوتلاش
پايە — قەدەم
مەئزور — ھۆزرە
جانىب — تەرەپ
خىرام — يۈرۈش
جۇستىخىز — تېز يۈرۈش
بىتېمىز — تېتىقسىز
ھىسار — قورغان
نىشەست — ئورۇن تۇتۇش
ئەمىق — چوڭقۇر
خەلەل — ئويلۇنۇش
تولۇئ — نۇرلۇنۇش
زەمىر — كۆڭۈل، مەزمۇن
ھەمە — ھەممە
نىكوبەد — بەختىسىز
جىستىجۇ — ئالدىراش

www.uyghurkitap.com



دەشت مەئما — دەشت چۆل
ئىستىلاھ — ئىگەللەش، چۆكەك
پەساھەت — گۈزەل، يۇمشاق سۆز
تەھۋىل — ئۆزگەرتمەك
تەبدىل — يۆتكىمەك
سەرگەشتە ھال — بېشى ئايلانغۇلۇق
تەۋەججۇد — يۈزلەنمەك
زوھور — كۆرۈنۈش، ئاشكارا بولۇش
دەربەدەر — ئارقىمۇ - ئارقا
چەرخ — پەلەك، ئايلانغۇچى
سەرنىگون — بېشى تۆۋەن
بەتنىدە — قوسىقىدا
زىندە — تىرىك
ئەخبار — خەۋەر
گۇپتىگو— سۆزلۈشۈش
سائىلا— سائىل، دىۋانە
ئىھتىمام — ئىتىقات، ئۆزىنى قارىتىش
سۇجۇد — سەجدە
زائىدە — زىيادە
ئەمىن — خاتىرجەم
بەرخاھ — ئالا كۆڭۈل، نا توغرا غەزەز
مۇبەرھەن — ئوچۇقلاشتۇرۇش
خىسارەت — زىيان تارتىش
كار — ئىش
كامكار — نەتىجىگە ئېرىشىش
دىلىر—يۈرەكلىك

دەستىگىر — تۇتقا
پىر — قېرى، ياشانغان
بەيتىلھەرەم — ھەرەم ئۆيى
ئابى جارى — ئېقىن سۇ
ناتىۋان — ئاجىز
ئەپتادە — چۈشكەن، ئەھۋالى تۆۋەن
ئەمادە — تۇتۇنۇش.
مۇرشە — يولباشلىغۇچى
نىسبى شەب — يېرىم كېچە
سەرپىراز — خالى، نېرى
بۇلە — قايغۇ
مۇمتەنەئ — مەنئى قىلىناق
ئىنقىياد — ئىتائەت قىلىش
تاۋاززەئ — ئۆزىنى تۆۋەنلەتمەك
سەئى — سەۋەپ
جۇۋان — ياش
ئەمنىيەت — خاتىرجەم
نىش — تىكەن، نەشتەر
رائايا — خەلق
فەتۇر — نەقىشلەش
ھەقىر — بىچارە، ئاجىز
ئەئپال — خۇي- پەيلى
نەھىب — ئاجىز، كامقۇۋەت
قەلەم نۆكى — قەلەم ئۇچى
بەيئەت — بويسۇنۇش
پەلىد — مەلئۇن

# قەشقەر گۈلزارىدىكى خۇشناۋا بۇلبۇللار

ئازات زامانىمىزنىڭ نۇرلۇق باھارى ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىدا رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلەرنى ئېچىلدۇردى. جۈملىدىن ئالتۇن دىيارىمىز — گۈزەل قەشقەرنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت سېپىدىمۇ مىسلىسىز گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. يۈ- رىگى خەلق يۈرىگى بىلەن بىر رىتىمدا سوققان ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرىمۇ 30 نەچچە يىل- دىن بېرى، بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان زوق-شوق بىلەن سەنئەت مۇنبىرىدە جەۋلان قىلىپ، ۋەتەننى، خەلقنى، پارتىيىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قىزغىن كۈيلەيدىغان نۇرغۇنلىغان مۇ- نەۋۋەر سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ۋىلايىتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلى- رىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان بىر قىسىم خەلق سەنئەتكارلىرى، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى- لار، مۇزىكانتلار ۋە خەتتات - رەسساملارنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق.

(بۇ تونۇشتۇرۇشنىڭ سۈرەت ۋە ماتېرىياللىرىنى تۇردى مەتنىياز بىلەن ئاتىكەم زەمىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن)

— تەھرىردىن

## تۇرغۇن موللا



پېشقەدەم قوشاقچى، سازەندە، داستانچى تۇرغۇن موللا ئوسمان 1890 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئېتىم چاغرى يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ھاياتىدا كونا جەمئىيەتنى پاش قىلىدىغان، يېڭى زامانىنى، پارتىيە، سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجات قىلىپ، خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، 1964 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى يىغىنىغا قاتناشقان. ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى، 1984 ـ 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋاپات بولدى.

## يولۋاسخان ئىمىن




پېشقەدەم ئەلنەغمە ئارتىستى ۋە قىزىقچى يولۋاسخان 1920ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ رايونىنىڭ قوچقاچ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دراما دۇيىدە رېژىسسور بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئەلنەغمە نومۇرلىرى، تىياتىرلاردىكى قىزىقچىلىق روللىرى، كىنوفىلىملىرىدىكى ئەستىن چىقمايدىغان ئوبرازى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇش. ئۇ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، «غۇنچەم»، «يالقۇنتاغ غەزىۋى،» «باي ۋە مالاي» «مۇقام ئۇستازى» قاتارلىق دراما، ئوپېرالاردا، «بوستانلىقتىكى تەنتەنە»، «يول باشلىغۇچى» «نەسىردىن ئەپەندى»، «ئۈچ ياش» قاتارلىق كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا رول ئالغان. «نازىركوم»، «ۋاي توختىسىلا ـ توختىسىلا»، «ھېيت باقى ۋە مەتباقى» قاتارلىق لەپەر، كومېدىيىلەرنى رەتلەپ، ئۆزى ئورۇنلىغان.

ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، دراما تورگلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى.

## ئابلەممەت زۇنۇن



پېشقەدەم رەسسام ۋە ھەيكەلتاراش ئابلەممەت زۇنۇن 1925- يىلى قەشقەر شەھرىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 1983- يىلدىن ھازىرغىچە قەشقەر «خەلق باغچىسى» ۋە باشقا سورۇنلاردا رەسىم سىزىش، ھەيكەلتاراشلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا، يەنە چوڭ - كىچىك باغچا، گۈللۈكلەرنى لايىھىلەش، مودېل ئىشلەشتىمۇ خېلى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. 1983 - يىلى ئۇنىڭ «ئۇلۇغ ئالىم مەخمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى»، «نورۇز بۇلاق» قاتارلىق 2 پارچە ماي بوياق رەسىمى «شىنجاڭ ياخشى» رەسىملەر كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى، ئۇ يەنە مەخمۇت قەشقەرىنىڭ يېرىم گەۋدە ھەيكىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى.

ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



## خەيرىنسا تۆلەندى

پېشقەدەم ئۇسسۇلچى خەيرىنسا تۆلەندى 1929 - يىلى قەشقەر شەھرىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىدىن پىنسىيىگە چىقتى.

ئۇ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سەنئەت ھاياتىدا، «ئازاتلىق ئۇسسۇلى»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى» «شاخ - شاخ چىنار ئۇسسۇلى» قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئۇسسۇلنى ئىجات قىلىپ ۋە ئورۇنلاپ، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، مەملىكەت سەھنىلىرىدە جامائەتنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. كۆپلىگەن ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرگەن.

ئۇ، مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

## خەيرىنىسا توختى



پىشقەدەم قوشاقچى ۋە خەلق سەنئەتچىسى خەيرىنىسا توختى 1925- يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 30 نەچچە يىلدىن بۇيان خەلق قوشاقلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن ۋە دۇتتار بىلەن ئورۇنلىغان. ئۇنىڭ «ئەجەپ خۇشخۇي زامان بولدى»، «ۋەتەن ئىشقى»، «ئەمگەكچى مېنىڭ دوستۇم»، «ئىتتىپاقلىق ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلىرى خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## رابىيەم ئۆمەر



پىشقەدەم ئۇسسۇلچى رابىيەم ئۆمەر 1928 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، ھازىر يېڭى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 1943 - يىلى سەنئەت ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن بۇيان، ئۇسسۇل بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، 30 دىن ئارتۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئىجات قىلغان. «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى»، «تۇرداخۇن ئاكىنى ئەسلەيمىز»، «دېخان قىزغا خۇشتارمەن» قاتارلىق ئۇسسۇللىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت سەھنىلىرىدە جامائەتنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن .

ھازىر ئۇ، «جۇڭگو مىللى خەلق ئۇسسۇللىرى توپلىمى شىنجاڭ قىسمى» نى ئىشلەش گۇرۇپپىسىدا ئىشلىمەكتە.

ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## پاتەم قۇربان



پېشقەدەم سەنئەتكار، ئاتاغلىق ناخشىچى پاتەم قۇربان 1932 ـ يىلى مەكىت ناھىيە بازىرى ئىچىدە دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ. ئۇ 35 يىلدىن بۇيان سەنئەت ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىغا ئىلھام بەخش ئېتىپ كەلدى. ئۇ ئوقۇغان «لەيلىگۈل»، «ئانارگۈل بالا»، «ئايشەمگۈل»، «ئاسىگۈل»، «ئەمگەكچى بالا»، «يارۇ»، «قەشقەر باغلىرى» قاتارلىق ناخشىلارنى خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ ۋە سۆيۈنۈپ ئاڭلايدۇ. ئۇ، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ھەم ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

## مەريەم يۈسۈپ



پېشقەدەم لەپەرچى مەريەم يۈسۈپ 1935 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دراما ئۆيىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 1951 ـ يىلى سەنئەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، 10 دىن ئارتۇق لەپەر ۋە بىر قانچە ئون ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجات قىلغان، «ئالىمخان»، «شىنجاڭ ياخشى»، «پەركازچىك ناخشىسى» قاتارلىق لەپەرلەرنى ئوينىپ، كۆپ قېتىملىق كۆرەكلەردە مۇكاپاتلانغان، درامىلاردا رول ئالغان.

ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق دراماتورگلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق [illegible] نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

## سەپەر ھۇسەيىن



مۇزىكانت سەپەر ھۇسەيىن 1937 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ، 1959 ـ يىلدىن باشلاپ مۇزىكا ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، 1975 ـ يىلغىچە 25 تىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك نومۇرلارغا مۇزىكا ئىشلىدى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، يىغىش، رەتلەش ئىشلىرىغا كىرىشىپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى يەنە دىرامىچىلىق ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان «غۇنچەم»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «رابىيە ـ سەيدىن»، قاتارلىق دىرامىلاردا ئاساسلىق روللارنى ئالدى، «نەسىردىن ئەپەندى»، «يول باشلىغۇچى» كىنولىرىدىمۇ رول ئالدى، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ، ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى.

ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى.

## ئابلىمىت توختى



ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ئابلىمىت توختى 1937 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ لەنگەر يېزىسىدا تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل گۇرۇپپىسىدا ئىشلىمەكتە.

ئۇ، سەنئەت ئىشلىرىغا قاتناشقان 1959 ـ يىلدىن بۇيان ئۇسسۇل ۋە ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ، «يايلاقتا باھار»، «دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش»، «قەشقەردە باھار»، «پاختەكلىدە تەنتەنە»، «خاماندىكى شاتلىق» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجات قىلدى ۋە ئۆزى ئورۇنلىدى، «ئامانىسا» دىرامىسىنىڭ بىر كۆرۈنۈشىگە ئۇسسۇل ئىشلەشنىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. يولداش مەتىلى زۇنۇن بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا «رابىيە سەئىدىن» دىرامىسىنى يېزىپ، سەھنىلەشتۈردى.

ئۇ، ھازىر مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## ئابلەت ئابدۇللا



كومپوزىتور ئابلەت ئابدۇللا 1943 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كومپوزىتورى.

ئۇ، سەنئەت ئىشلىرىغا قاتناشقان 1959 ـ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىش ئاساسىدا «تارىم غۇنچىسى»، «گۈزەل ئارزۇ»، «كوئىنلۇن باغرىدا»، «ئايىنۇرخان» قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق ناخشا ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنى ئىجات قىلىش بىلەن بىللە «قەشقەر خەلق ناخشا مۇزىكىلىرى» دېگەن توپلامنى تۈزۈشتە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى.

ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## تۇرسۇن قادىر



كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر 1944 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال رايون كۆكچى يېزىسىدا مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ مۇزىكا ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن 20 نەچچە يىلدىن بېرى ئۇيغۇرچە، تاجىكچە، ئۆزبېكچە بولۇپ 120 دىن كۆپرەك مۇزىكا ئىجات قىلدى، «گۈزەل تاشقورغان»، «بادام دوپپا»، «ئەخلاق ـ ئادەم زىننىتى»، «قەشقەر باھارى»، «راۋابىم» قاتارلىق مۇزىكىلىرى ئۇزۇندىن بۇيان سەھنىلەردە ئورۇنلىنىپ، رادىيو، تېلېۋىزورلاردا قايتا ـ قايتا ئاڭلىتىلدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇزىكىلىرى مۇنەۋۋەر نومۇرلار قاتارىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ، ھازىر جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

www.uyghurkitap.com



## مەھەممەت ھېيىت



رەسسام مەھەممەت ھېيىت 1945 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ نوۋبېشى كوچىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ 1965 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىۋىنىڭ رەسىم پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، مىللىي ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە «قىزىل تاغ ئېتىكىدە»، (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن)، «بالدۇر كەلگەن كۈز»، «قىز يۆتكەش»، «ئۇسسا قويۇش»، «بازاردىن قايتىش»، قاتارلىق رەسىملەرنى ئىجات قىلغان؛ «بالدۇر كەلگەن كۈز» ناملىق ئەسىرى 1981 ـ يىلى بېيجىڭدە ئېچىلغان «مەملىكەتلىك ياش رەسساملار گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى» دە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ، ھازىر مەملىكەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## بەھرىنىسا ئابدۇرېھىم



ئۇسسۇلچى بەھرىنىسا ئابدۇرېھىم 1943 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ 30 يىللىقتىن ھاياتىدا ئۇسسۇل، دىراما، ناخشا تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوننىڭ سەھنىلىرىدە «توقۇمىچى قىز»، «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»، «باھار شاتلىقى»، «پامىر يايلىقىدا» قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇسسۇللارنى ئورۇنلاپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان، بىر قانچە دىراممىلاردا رول ئېلىپ چىققان.

ئۇ، مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى.

## ئاتىكەم زەمىرى (تاجىك)



ئۇسسۇلچى ۋە ئىجادىيەتچى ئاتىكەم زەمىرى 1943 ـ يىلى قەشقەر شەھرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا ئۇسسۇل يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئۇ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئارتىست بولۇپ ئىشلىگەن 25 يىل جەريانىدا، ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «تاجىكچە توي»، «سېغىنىنچى قىزلار»، «ئېگىزلىكتىكى چارۋىچىلار»، «تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇسسۇللارنى ئىجات قىلىپ ۋە ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە مۇكاپاتلانغان. بۇندىن باشقا، ئۇ 1962 ـ يىلدىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە بىر قىسىم ھېكايە، شېئىر ۋە ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. ئۇ نەشرگە تەييارلىغان تاجىك شائىرلىرىنىڭ «مەخۇش ئامەدى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى.

ئاتىكەم، ھازىر مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ھەيئەت ئەزاسى، مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## نۇرگۈل ئابدىكېرىم



ناخشىچى نۇرگۈل 1946 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال گۆكشى دوغىلات يېزىسىدا تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى.

ئۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تالانتلىق ناخشىچىلاردىن بولۇپ قالدى. 1971 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇ ئوقۇغان «يېڭى يېزىغا مەدھىيە»، «ۋەتىنىم»، «ۋەتىنىم ئىپتىخارىم»، «ياخشى»، «قېيىنئانامغا مەن ئامراق»، «كېلىن بولسا قەن بولسا»، «جېنىم جورام» قاتارلىق 50 نەچچە ناخشا خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، رادىيو، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا ئاڭلىتىلدى. ئۇ، بىر قانچە قېتىملىق كۆرەكلەردە مۇنەۋۋەر ئورۇنلىغۇچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ ھازىر قەشقەر شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئايىمنىسا بارات



ناخشىچى ئايىمنىسا بارات 1944 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇقام گۇرۇپپىسىدا ئارتىست.

ئۇ، 1956 ـ يىلىدىن باشلاپ سەنئەت سېپىدە ئىشلىگەن، «ۋەتەنگە مەدھىيە» قاتارلىق 18 ناخشا ئىجات قىلىپ، كۆپلىگەن خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ، «ئەنجۈرلۈك باغ»، «ئەتىرگۈل»، «ئاتۇش»، «جۇنۇن» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىش بىلەن خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

ئۇ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## مەھەممەت ئېزىز



كومپوزىتور مەھەممەت ئېزىز 1944 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غوجىئېرىق يېزىسىدا بىر ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قاغىلىق ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كومپوزىتورى.

ئۇ، 1962 ـ يىلى سەنئەت ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن بۇيان، خەلق مۇزىكا بايلىقلىرىنى قېزىش ۋە رەتلەش بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ، «ئۇيغۇر كلاسسىك خەلق مۇزىكىلىرى» توپلىمى، «ئۆزبېك خەلق كلاسسىك مۇزىكىلىرى» توپلىمىنى نەشرگە سۇندى؛ «قاغىلىق سەنىمى»، «دولان 9 مۇقامى»نى رەتلىدى؛ «يارىمغا سالام»، «ئاي قوشىقى»، «تارىمغا مۇھەببەت» قاتارلىق ناخشا، ئۇسسۇل، خور مۇزىكىلىرىنى ئىجات قىلدى؛ بەش قىسىملىق «مۇزىكا ۋە ئۇنىڭ سىرى» ماۋزۇلۇق ئەسەرىنى نەشرىياتقا ئەۋەتتى.

ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ، ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

## ئايشەم قەييۇم



ناخشىچى ئايشەم قەييۇم 1950 ـ يىلى مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا گۇڭشېسىدا تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل دۈيىدە ئارتىست.

ئۇ، 1960 ـ يىلى سەنئەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، خەلق ناخشىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆستۈرۈپ، «قەشقەر كېچىسى»، «گۈل تۇتۇپ يارىم كېلۇر»، «ئاپپاق قىزىم» قاتارلىق نۇرغۇن ناخشىلارنى ئېيتىش ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ۋىلايەتنىڭ ھەر قېتىملىق كۆرەكلىرىدە مۇنەۋۋەر ئورۇنلىغۇچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە تۈركىيە، تۇنىس قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، ۋەتەنگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى.

## جورى قادىر



رەسسام جورى قادىر 1945 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ يېڭىبېقاش يېزىسىدا مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ گۈزەل سەنئەت تەھرىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ، 1965 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسىم فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، كۆپلىگەن گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن «ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتاۋى يېقىندا نەشردىن چىقتى.

ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## مەخەت تۇردى



ئىجادىيەتچى مەخەت تۇردى 1942 ـ يىلى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىدە رېژىسسور، قوشۇمچە ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ سەنئەت ئىشلىرىغا قاتناشقان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، سەھنىلەردە رول ئالغاندىن باشقا 50 گە يېقىن ئۇسسۇل، مۇزىكا نومۇرلىرىنى ئىجات قىلدى؛ «تاھىر ـ زوھرا»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «گۇلنىسا»، «قايچا قۇدا» قاتارلىق كۆپلىگەن درامىلارنىڭ رېژىسسورلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ ئىجات قىلغان، رەتلىگەن نومۇرلاردىن 20 نەچچىسى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى.

## جۇمە ئابدۇللا



خەتتات جۇمە ئابدۇللا 1942 ـ يىلى پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبويى رايون جۇۋۋېچى يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىكى ۋە ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئۇ ئىشلىگەن ھۆسنىخەت، مۇقاۋا، تىتول، تامغا قاتارلىقلاردىن 700 دىن كۆپرەكى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان بىر قىسىم كىتاب، گېزىت، ژۇرناللاردا ئىشلىتىلدى، بىر قىسىم ھۆسنىخەتلىرى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىلەرگە قويۇلۇپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېقىندا ئۇنىڭ بىر پارچە ئەسىرى مەملىكەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە تاللاندى.

ئۇ تىل ـ يېزىق تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ كۆپ ئىزدەندى. ئۇ توپلىغان بىر قىسىم سۆز ـ ئاتالغۇلار 1976 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە ئىملا سۆزلىگى»گە كىرگۈزۈلدى. ئۇ، 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئېلىپبە» (كونا يېزىقچە) نى تۈزۈشكە قاتناشتى. ئۇنىڭ 5 پارچە ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق تىل ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئەبەيدۇللا مۇھەممەت



رەسسام ئەبەيدۇللا مۇھەممەت 1945 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1963 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسىم پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەتسارىيىدا ئىشلەيدۇ.

1980 ـ يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ «ماشىنا كۈتۈش»، «تويغا بېرىش»، «ئۇيغۇر قىزى» قاتارلىق مايبوياق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىلىرىدە قويۇلۇپ، گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ ئۆز ئاتىسى، ئۇستا خەلق قوشاقچىسى مەرھۇم مۇھەممەت ناپىزنىڭ قوشاقلىرىنى رەتلەپ چىقىپ، 3 ـ دەرىجىلىك رەتلىگۈچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە خەۋەرچىلىك، ئوبزورچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ھەم قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

## تۇردى ئىمىن



ياش رەسسام تۇردى ئىمىن 1953 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1974 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگوچە رەسىم سىزىش كەسپىدە تۇنجى يېتىشىپ چىققان ياش رەسساملاردىن بىرى بولۇپ، 1980 ـ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «قەدىمىي شەھەرگە زىيارەت» ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «كېلىن يۆتكەش»، «ئوما تەييارلىقىدا» ماۋزۇلۇق ئىككى ئەسىرى بېيجىڭدە ئېچىلغان «شىنجاڭ ياخشى» كۆرگەزمىسى ۋە مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كۆرگەزمىدە كەڭ تاماشىبىنلار ۋە گۈزەل سەنئەت خادىملىرى ئىچىدە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھايات ئۈچۈن كۈرەش

## — خەلق قوشاقچىسى ئەھمەتخان توغرىسىدا

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

ئەھمەتخان 1890 - يىللىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان. «چاۋاغ» (چاھار باغ) دېگەن يېزىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، تەخمىنەن 1930 - يىللىرى ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ دادىسى شەھەر ئىچى چاسا (چاھارسۇ - تۆت كوچا) مەھەللىسىدىكى بىر موزدوز كىشى بولۇپ، كىچىك ئاخۇن ئاتالغان بۇ ئۇستام ئۆز مۇھىتىغا يارىشا مۇللىلىقتىن خەۋىرى بار شېئىر ھەۋەسكارلىرىدىن بولۇپ، "ناۋائىي ، فۇزۇلى، سادايى، ھۇۋەيدا قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرى كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى. كىچىك ئاخۇن ئۇستىنىڭ بىرغىنا قىزىدىن باشقا بالىسى يوق بولغانلىقتىن نەۋرىسى ئەھمەتنى كىچىكىدىن قېشىدا تۇختۇتۇپ چوڭ قىلىپ مەھەللىسىدىكى ئىبتىدائىي مەكتەپلەردە ئوقۇتتى، ئاخشاملىرى ئۆزى دەرس ئۆگەتتى. ئەھمەتخاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى زېرەكلىك ۋە چېچەنلىك قابىلىيىتى بىلەن ئوقۇشتا ئالغا باستى، چوڭ دادىسىنىڭ شېئىرى ۋارىسى بولۇپ يېتىلدى، ئۇنىڭدىكى زاكاۋەت ۋە تالانت ئۇنى شېئىر ئېيتىش، نەزم يېزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇردى، چوڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسى قېشىغا — يېزىغا چىقىپ كەتتى. ئاز ئۆتمەي دادىسىدىنمۇ ئايرىلغان ئەھمەتخان چوڭ دادىسىدىن ئۆگەنگەن موزدوزلۇق كەسپىنى يېزىدا داۋاملاشتۇردى ۋە بۇ جەرياندا كەڭ يېزىدىكى دېھقانلاردىن خەلق قوشاقلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئەينى يىللاردىكى يېزا مۇھىتىدىكى تەڭسىزلىك، ئوخشىمىغان تۇرمۇش شارائىتى ئۇنى نەپرەت ۋە مۇھەببەت بىلەن چېنىقتۇردى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھقا ئاشىنا قىلدى.

## 1

20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىللىرىنىڭ بىر پەيشەنبە كۈنىسى ئەتىگەن ئىدى، ئەھمەتخان ھەر قاچانقى ئادىتى بويىچە چوڭ دادىسىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلدى. سەھەرنىڭ يېزىگە ئۇرۇپ تۇرغان يېقىملىق شامىلى، دەل - دەرەخلەردە شوخ سايراپ تۇرغان قۇش-

لارنىڭ مۈڭلۈك ئاۋازى ئۇنى مەيتۈن قىلغىنى ئۈچۈنمۇ، ئۇ، ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ئالدىراپ مېڭىپ قەۋرىستانلىققا يېتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇ شۇ ئەسنادا، ئىككى يولنىڭ دوقمۇشى، چاھار باغنىڭ قوشۇلۇشىدا ئات ئوينىتىپ كېلىۋاتقان بىر يىگىتكە كۆزى چۈشتى ــ دە، كونا دوستى رەھمەت بايۋەتچىنى تونىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر زامانلاردا بىر مەكتەپتە بىللە ئوقىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى، ئۇ مەكتەپتىن قايتقاندا بىرگە ئويناپ ــ كۈلۈشكەن، دەرسنى بىلمىگەندە ئۆگىتىپ قويۇپ رەھمىتىنى ئالغان بولغاچقا بايۋەتچى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بەلكى چوڭ بولغاندا ئەھمەتخاننى تاشلىمايدىغانلىقىغا ھەر ئىشتا يار يۆلەكتە بولىدىغانلىقىغا ۋەدىلەرنىمۇ بەرگەن ئىدى. لېكىن ئەھمەتخاننىڭ بەختىگە، تۇرمۇشنىڭ قىستىشى ئۇنى مەكتەپتىن بالدۇر قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ بايۋەتچى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشەلمىگەن ئىدى.

قەشقەرنىڭ بايزادىسى، دەۋرىنىڭ «شاھزادىسى» ئاتالغان بۇ بايۋەتچى، بۈگۈنى شوخ ئارغىمىقىنى ئويناقلىتىپ. مەغرۇرلۇق بىلەن كېچىلىك ئارامگاھى چاھار باغدىكى ئازادە بېغىدىن چىقىپ شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا مەللە چېپلىش لىشىلىدا كىلەمىكە كامزۇل، ئۇنىڭ ئۈستىدە يوللۇق دەريايى ئازادە يەكتەك، بېشىدا ئاق داكا سەللە، بېلىدە شاھى رومال، ئايىغىدا ئامېرىكانچە مەيسە بار ئىدى. يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىنى سالام بىلەن توسقان كونا دوستى ئەھمەتخانغا كۆزى چۈشتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، غوجام جانابلىرى! نېسىپ بولۇپتۇ بۇ كۈن ماڭا تاۋاپلىرى، ئاپتاپ چىققاندۇ بۈگۈن قەيەردىن؟ ئىككىيلەن ئىدۇق قەشقەردىن، كۆرۈشتۇق بىز بۇ يەردە، سىلە بارمۇ بۇ شەھەردە؟ ئۇزۇن بولدى باقمىدىلا بىر نەزەردە، بىز ئىككىيلەن بىر مەكتەپتە ئوقىغان، بىر زامانلار قول تۇتۇشۇپ بىرگە ئوينىغان. ساۋاقداش بولۇپ ئۆتەتتۇق ئايرىلماي، ئەمدى ئۆتەمىلا قاردىماي؟ ئالتۇن بويلىرى كۆمۈش قوۋۇرغىلىرى ئېسىدىمۇ؟

بايۋەتچى ئەھمەتخانغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئەھمەتخاننىڭ ساقال ــ بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، يۈزلىرى تۇرمۇشنىڭ غېمى بىلەن سولغان. بالدۇرقى شوخ چاقچاق بۇ دوستى ھازىر نېمىدىندۇر ياۋاش مەيۈسانە ھالدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا شاتىرۋاردىن تىكىلگەن ئۇزۇن كەمزۇل، پۇتىدا كۆندىن تىكىلگەن كەش مەيسە، بېلىدە شاتىرۋادىن بەلۋاغ، بېشىدا ئاق دوپپا كېيىگلىك ئىدى. بايۋەتچە ئۆزىنىڭ كېيىنگەن پار ــ پۇر كىيىملىرىگە بىر قاراۋالدىدە، ھالىتى ئۆزگەردى. بايۋەتچىنىڭ چىرايى زاڭلىق كۈلكىدە، دېدى: «بارمۇ ھازىر شاتىرۋا كىيگەنلەر بۇ ئۆلكىدە؟ دوستۇم ئەھۋالىڭلار خاراپقۇ؟!

ئەھمەتخان بايۋەتچىنىڭ تاپقان ئەيىپ قوسۇرىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا جاۋابەن بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

شاتىرۋادىن توننى كەيدىم، ئىچ تونۇمىمۇ شاتىرۋا،
شاتىرۋارىم سىزدىگەن خادەن ــ تاۋاردىن ئەتىۋا.
شاتىرۋانى كىيىمەن چىقسام تالاغا داملىنىپ،
يۈرمىدىم مەن باشقىلاردەك ئۆز مېلىمنى كەمسىتىپ.

ئۆز مېلىنى سۆيمىگەنلىك ئەقىلسىز نادان ئىشى.
خۇش خىراماندۇر ئويىنىمامدۇ ئۆزىنى سۆيگەن كىشى.
مەن شۇڭا سۆيدۇم ئۆزۈمنى پەخىرلىكەن ھەر قاچان.
ۋەتىنىم، خەلقىم، مېلىم دوستۇم مېنىڭ بولسۇن ئامان!

— بايۋەتچەم، — دېدى، ئۇ دەرھاللا سۆزىنى بۇراپ، شاتىسۇۋادىن تېرىكتىغا چىقماق ئاسان، لېكىن تېرىكتە رەخىت كېيىپ شاتىمۇۋاغا چۈشمەك تەس. شۇڭلاشقا پىقىر كېيىمىنـ ـ لىرى ھازىرچە شاتىمۇۋا كىيىم بىلەن يۈردۈك. ھەر بىرلىرىنىڭ نەزەرلىرى چۈشۈپ تۇرسا زاۋۇتنىڭ پار – پۇر رەختىدىن چاپان كېيىشىمىزمۇ تەس ئەمەس.

بايۋەتچى ھازىرقى دىققىتىنى باشقىغا يۆتكىدى. نەچچە ۋاقىتىن بېرى ئويلىغان ئويىنى ئەسلىدى. ئەھمەتخاننىڭ تەق ـ تۇرقىغا ياش ـ قورامىغا، ئىشقا چاققانلىقى، كۆڭۈلگە ياققان كۆرۈنۈشىگە سەپسالدى ـ دە، ئالدىغا چاقىرىپ ئالدى. ئۇنىڭ بۇ كۆزۈتىشى ئەھمەتخاننى خىزمەتكە سالسا يارايدۇ. قول قىلىپ ئىشلەتسىمۇ ئۇنىڭ قولىغا قارايدۇ دېگەندىن دېرەك بېرەتتى.

— بىرەر جايغا خىزمەتكە ئېۋەتسەك مايىللىقىڭلار قانداقراق؟!

كۈتۈلمىگەن بۇ سوئال ئەھمەتخاننى گاڭگىراتتى، بايۋەتچىنىڭ ئاغزىغا قاراتتى. نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، زۇۋانى سۇرالمەي، بىردەم ئويلىنىۋالغان ئەھمەتخاننى تۇرمۇشنىڭ خىجالىتى يوقسۇلچىلىقىنىڭ جاراھىتى ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر قىلدى.

— ئەگەر جانابلىرى بىزنى خىزمەتكە لايىق كۆرسىلە ··· بىز ھەر قاچان تەييار، دېۋەتتى.

— ئانداق بولسا، دېدى بايۋەتچى، — ئەرتە كاتىۋات ( ئىشخانا ) مىزغا بارغايسىز.

مانا بۇ تاپىلانما ئەھمەتخاننى كاسىپلىق يولىدىن، ئەركىن ياشاش يولىدىن ئازدۇردى ـ دە. قۇللۇقنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئىتتىرىۋەتتى.

2

ئەھمەتخان بايۋەتچىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، دەھلىزدە تۇرغاندا، كۆڭلى چىگىلدى، تولا تۇرۇپ بىلى ئىگىلدى. بايلارنىڭ يۈزسىزلىكى، ياغلىما سۆزلۈكلىكى ئۇنى رەنجىتتى.

ئۇ تۈنۈگۈنكى بايۋەتچىنىڭ ئادىمىگەرچىلىكى بىر كۈن ئۆتەپلا سايىغا ئوخشاش تېزلا يوقۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە، بايلار دۇنياسىدىكى يۈزسىزلىكنى قاغىدى، خېلى كۈتكەندىن كېيىن كىرىشكە ئىجازەت ئالدى. لېكىن، كىرىپ چىقىۋاتقان مۇئامىلچىلەرنىڭ ئەرك بەرمەسلىكى ئىككى سائەتتەك كاشىلا قىلدى، يۈرىكى سىقىلدى. مۇنداق ھاياتتىن ۋاز كەچتى. بۇ ئەھۋالنى قەلەندەرنىڭ كىشىلەر ئىشىكى ئالدىدا بىر پارچە نان ئۈچۈن تەلمۈرۈپ تۇرغىنىدىنمۇ قەبىھراق كۆرۈپ، ئۆزىگە ـ ئۆزى تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلىدى: " ئۇستام، ـ دەپ ئۇ، ئۆزىگە خىتاب قىلدى، ـ سىز ئىدىڭىز بىر ھۈنەرۋەن كاسىپ، بۇ خىل رىزالەتلىك كەسىپ ئەھلىگە ئىدىمۇ ناسىپ؟»، " خۇدانىڭ بەرگىنىگە قىل قانائەت، كۆڭۈلنى قىلما مىننەتتىن جاراھەت » ! سىز كەسىپتىن ئازدۇر كۆپتۇر ناپىغانىڭا قىلماي شۈكرى. ئەندى بولدىڭىز بايلار ئالدىدا بۆكرى (دوڭغاق). "ئەزىزدىن قەنە، زەللىمەن تەمە » ( كىمكى بارغا قانائەت قىلسا ئەزىز بولىدۇ. كىمكى

كىشىدىن تەمە قىلسا ئۇ ، خار بولىدۇ ) تەمە يولىدا ئەمدى بولىسىز خاراپ ، تورۇك ئەمدى بايلار ئالدىدا قول باغلاپ ....» ئۇ ئۆز ئىشىدىن قىلاتتى ئەپسۇس ، بىلگەچكە قۇللۇقنى نومۇس . لېكىن ، بايۋەتچىنىڭ مۇلايىم سۆزى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۋەتتى . ئەپسۇنلىرى ئەپسۇسلۇق ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى :

— سىزنى ئۇزاق ساقلاتتىم ، باشقىلارنى ئۆزەمدىن ئاران ئۇزاقلاتتىم . كەلدى ئەمدى سىزگە نۆۋەت ، سۆزلىشەيلى كەڭ تاشا ، ئۆتمىسۇن پۇرسەت . جاھاننىڭ ئىشىدۇر شۇنداق ئالدىراش ، بىلىش كېرەك ئىلىي ماتاش ، قىلمىز كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە ، كېتىدۇ ۋاقىتلار قىلىنىدا مۇنازىرە . شۇڭلاشقا سىز دوستۇمنى قىلدىم خاپا . كىچۈرۈڭ ئىشىدىن كۆرۈلسە خاتا .

بۇ سۆزلەر ئەھمەتخاننى ئېرىتىۋەتتى . كۆرگەن خاپىلىقى قەيەرگىدۇر كەتتى ...

— قەدىناز دوستۇم، — دېدى بايۋەتچى، — بىز تۇپەيلىن باي بولدى بىر نەچچە ، سىز ماڭا بىجايى ئۇستاد، ئۆگەنگەن دەرسىمنى قىلمەن ياد . بايلار ھۈنەرۋەنلەردىن چىققان ، بەلكى سودىگەر ، ئېلىپ — ساتارلاردىن باي بولغان، مەن سىلىنى ئىشقا سالاي دەيمەنكى « قولۇڭ ياغ بولسا دوستۇڭغا سوۋغا» دەپتىكەن ئاتا بوۋىلار. مەن شۇنى ئىجرا قىلماقچىمەنكى سىلىنى ھۈنەرنىڭ چاپاسىدىن قۇتقۇزۇپ ، تىجارەت ئارقىلىق بىر نىمىلىك قىلىپ قويۇش ئارزۇيۇمدۇر.

بايۋەتچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى : « سىلە ھەر ئىشتا چاققان — چېۋەر ئادەم ، يېتىدۇ بىزلەردىن ھىممەم بولسا ياردەم ، بەختىڭلار ئەگەر كەلسە ئۆزگىغا تارتىپ ، كۆلىدۇ ئىقباللىڭلار ئوڭدا ياتىپ ، ئامەتنىڭ كۆزى قارىغۇ ، قولىدا ھاسىسىمۇ يوق ، بەختى ئوڭ كەلگەنلەرگە ئۆزلىكىدىن چاپلىشىۋالىدۇ.

3

بايۋەتچى بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى ، ئۇ ئەھمەتخاننى ئورۇمچىگە ئېۋەتىپ بىر سارايدا بېسىلىپ قالغان ئىككى مىڭ جىڭ پاختىنى سېتىپ كېلىشكە مەسئۇل قىلدى. ئەھمەتخان بىر بايتال ئاتنى مىندى — دە ، پايدىغا تەڭ شېرىك بولۇپ ئورۇمچىگە قاراپ كەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئورۇمچىگە بېرىپلا پەلەكنىڭ جەۋرى — جاپاسىغا ئۇچرىدى . چېرىك ھاكىمىيەتنىڭ مىللەتلەرنى بىر — بىرىگە زىتلاشتۇرۇش سىياسىتى ئاستىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭغا يولۇقتى، پاختىسى بولاڭغا ئۇچرىدى .

« كىشىدىن يانسا دۆلەت ، ئالتۇن ئالسا بولغۇسى تۇپراق،
كۆل ئالسا بولغۇسى ئالتۇن ، كىشىگە بەخت يار بولسا» ،

( ناۋايى شېئىرىدىن )

ئەھمەتخاننىڭ بەختسىزلىك دۇنياسىدا تەتۈر كەلگەن ئىقبالى ئوڭغا تارتمىدى . ھادىسىگە ئۇچراپ سەرمايىسىدىن ئاجرىدى . ھەتتا قولىدىكى بار نەرسىسى پاراخورلار ئۈچۈن پارىغا كېتىپ، ئۆزى مۈيۈملۈك يۇرتىغا قايتىشقا ئامالسىز قالدى . ئەھمەتخان ئەھۋالىنىڭ تۆگىمىشىنى بايۋەتچىگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن شېئىرى سۆز بىلەن تۆۋەندىكىچە ئىرسال نامىسىنى ئېۋەتتى :

مەن سالام قىلدىم ساڭا قالدىم بالاغا شۇ كۈنى،
ئىككى مىلىڭ چىلىڭ پاختىغا جاڭگۈيدى قىلدىلىڭ سەن مېنى .
بىرغىنا بايتال بېرىپ خومىيۈزىغا بارغىل دىدىلىڭ ،
خۇمىيۈزاڭغا مەن بېرىپ بىر كۈن ئامانلىق بولمىدى .
نەنسەندىن چىرىك چىقىپ خۇيخۇي بىلەن جەڭ قىلىپ ،
ئىككى مىلىڭ چىلىڭ پاختىڭىز بىردىن پىلىككە يەتمىدى .
مەن ئىدىم بىر قول ھۈنەرۋەن بىلمىگەچ جۇڭراچىنى ،
ئۆز تىلىمدا سۆزلىسەم ھېچكىم سۆزۈمنى ئۇقمىدى.
چوكىلەردە پاختىنى قىستى ، ئېلىپ كەتتى چىرىك ،
شام قىلىپ ياقتى ئۇرۇشتا پۇلنى ھېچكىم بەرمىدى .
ئەرز قىلدىم باش ئۇرۇپ ئاڭلاشقا ئىنسان تاپمىدىم،
پارابەرسەمۇ ئەمەلدارمەن تەرەپكە باقمىدى .
تەلپۈرۈپ يۈردۈم كىشىلەر ئىشىگىدە باش قويۇپ ،
بىلمىگەچ ھېچكىم مېنى بۇ يۇرتتا كۆزگە ئىلمىدى .
ئاھ! ئادالەتسىزجاھاندا باش قېتىپ جان قاخشىدى ،
دەردىمە تاپماي داۋانى ئەندى ھالىم قالمىدى .

ئەھمەتخان بايانى ۋەقەدىن سۆك ( كېيىن ) ، بايۋەتچىگە يېلىنىپ ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى:

ئەرز بايان قىلدىم ساڭا ھالىمنى سورساڭ كاشكى ،
دەرت تۆكۈپ بۇ ئەرزنى يازدىم رەھىم قىلساڭ كاشكى.
باشىغا كەلگەن دەرتلىنى ئىزھار قىلدىم ئەرزدە ،
سال قۇلاق دەتمەن سۆزىگە مەرت بولساڭ كاشكى .
سىزنى دەپ چۆللەر كىزىپ ئاۋارە بولدۇم نەچچە ئاي ،
چۈشتى بۇ باشىمغا سەۋدا چارە قىلساڭ كاشكى .
بىلمايىن نادانلىقىمدىن ئوتقا تاشلايمەن ئاياغ،
جىڭا ـ لاڭگاڭنى بىلىپ سودامنى قىلسام كاشكى .
مېنى قۇتقازغىل بۇ يەردىن يول ئۇزاق مەنزىل يىراق ،
ئارمىنىم كەتكەي ئىدى يۇرتۇمغا قايتسام كاشكى .
مەن ساڭا دەردىمنى يازدىم ، يەتمىسەڭ دەردىمگە گەر،
تاڭ سەھەر ئاھ تارتىشىمنى ئويلىغايسەن كاشكى .
ھال سورغىل ئەھمەت ئاخۇندىن ، ۋابالىم تۇتمىسۇن ،
بالاۋاقاڭ ۋۇ مېنىڭدەك بولمىغاي كاشكى .
ھەق تەلەپ ئەيلەي ساڭا ئەرزنى يازدى دوستىڭىز ،
رەھىم ئېتىپ بىچارىگە ئەجرىنى بەرسەڭ كاشكى.

4

ئەھمەتخان ئۇزۇن ئۆتمەي بايۋەتچىدىن تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئۇچۇر ئالدى: «پاختىنىڭ بۇ- لاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۇق، لېكىن، بۇ خىل ئەھۋال بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇركى بىز پاختىنى سىزنىڭ مەسئۇل- لىقىڭىزغا ئۆتكۈزۈپ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زىيانكەشلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ۋە تەلەپ قىلىش ياكى ئالماسلىق سىزنىڭ ئىشىڭىزدۇر. بىز پەقەتلا سىز پاختىغا مەسئۇل بولغاندا ئۆز قەلەمىڭىز بىلەن يېزىپ بەرگەن ھۆججىتىڭىزگە ئاساسەن، سىزنىڭ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىڭىزنى تەسەررۇپ قى- لىشلا ھوقۇقىمىزنىڭ بار ئىكەنلىكىدىن ۋاقىپ بولغايسىز! ».

ئەھمەتخانىڭ بېشىغا ئەندى ماكانسىزلىقتا ياشاشنىڭ مۇشكۇللىكى چۈشتى. بالا - چاقىسى- نىڭ تالادا قالغانلىقىنىڭ دەردىدە كۆيدى. ئەسلى بەرگەن ھۆججىتىدە: " پەرۋاسىزلىق بىلەن ئوغ- رىغا بېرىش، ئوت كەتكۈزۈش، ئالدىراقسانلىق بىلەن زىيان تارتىش قاتارلىق ئىشلاردا بولغان زىيانغا ئەھمەتخان جاۋاپكار " دېيىلگەن ئىدى. لېكىن بۇ خىل تاسادىپىيلىق تۈپەيلىدىن بولغان زىياننى ئۇنىڭغا ئارتىش، بايۋەتچىگە قارىتىپ ئېيتقاندا نامەرتلىك ئىدى.

5

بىر نەچچە يىللاپ مۇساپىرلىقتا قالغان ئەھمەتخانىڭ ئۆز يۇرتىغا كېلىشىگە يول قالمىدى. سۆيۈملۈك خەلقى، ئەزىز يۇرتى، قەدىردان بالا - چاقىسىنى سېغىنغاندا يۈرىكى شۇركىنىپ كېتەتتى. بالا- چاقىلىرى ئاللا قاچان ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بايۋەتچە تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ئىدى. ئەھمەتخان كىچىك چاغلاردىكى دوستلۇقنى ئەسلىتىپ قانچە يىلىنغان بولسىمۇ ئاقمىدى. بىرىلگەن پارا - رىشۋەتلەردىن سوراقچىلارنىڭ كۆڭلى بۇلغانغان ئىدى. يۈرەك باغرىنى نەپرەت چولغاپ، غەزەپ كۆچىگە تاقابىل تۇرالمىغان ئەھمەتخانىڭ قولى بايۋەتچىگە سوزۇلماق بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بايلارنىڭ " پىسىيەنزە ( ئىسمى يېزىلغان بارغاق قەغەز ) سى ھۆكۈمەت ئالدىدا ئېتىۋارلىق بولغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلاتتى - دە، بۇ "مۇقەددەس» باغاق ئەھمەتخاننى يامۇلنىڭ گۇندىخانىسىغا تاشلىشى تۇرغان گەپ ئىدى:

باينىڭ پىيەنزىسى قىلىدۇ ئىشنى ھەل،
ئەگىلىدۇ گۇندىدا ئەگىلمىگەن بەل.
قارا ئۆي بولىدۇ يوقسۇلنىڭ جايى،
سۇلىدۇ بىردەم - دە ئۇنىڭ چىرايى.
قارا ئۆي ئۆمۈچۈك - ساچقانغا ساراي،

چايانلار، قوڭغۇزلار يۈرۈيدۇ تالاي.
چۈسىلار، بۈرگىلەر ئوردىكام ئوينايدۇ،
يامرىغان پىتلەرى قاننى شۆرايدۇ.
سالغاندا ئاياققا كىشەن ھەم گۇندا،
يوقالغان ئەمەسمۇ ھاياتلەر مۇندا.

دىدى - دە ئۆزىنى تۇتۇپ ئالدى.

ئەھمەتخانىڭ كۆز ئالدىدا قەشقەرنىڭ مەشھۇر رەسسامى بولغان ئەنجان كوچىسىدا ياشىغان ئىبراھىم ئاخۇن ئاكىلارنىڭ " چولاق بايۋەتچە " دىگەن باي بىلەن مۇشۇ خىل ئۆي داۋاسى نامايان بولغاندەك بولدى. بۇ سەرگۈزەشتىمۇ خۇددى ئەھمەتخانىڭ سەرگۈزەشتىسىگە ئوخشايتتى، دىمەك، ئىبراھىم ئاخۇن ئاكىلار ئۆز ھوقۇقىنى قوغداپ داۋالاشقان بولسىمۇ، لېكىن، داۋا ئاق- ماي ئوتتۇز يىللاپ " دەۋران سۈرگەن، ئۆز سۆزىنى سۆز قىلمىغان " دىگەن باينىڭ پۇلىنىڭ كۈ- چى بىلەن ئاقىۋەت ئۆيى تارتىۋېلىنىدى. باي ئۆي ئىگىلىرىنى يامۇلدا تۈرمىگە قاماتقان ئىدى.

مانا بۇ تارىخى تەجرىبە ئەھمەتخانىڭ ئالدىنى توستى - دە مۇنداق داۋادىن ۋاقتىنچە كەچتى ۋە بىر نەچچە يىللاپ مۇساپىرلىق دەردىنى چەكتى.

ئىزاھات: بۇ ئەسلىمە بۇنىدىن 40 يىل بۇرۇن قاسىم زۇنۇن ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەلىك بويىچە رەتلەندى.

# غۇنچىلار ئاۋازى

## شېئىرلار

ئابلىمىت قۇربان

### ئوقۇيمەن ئەشۇ قامۇسنى

دادام بۈگۈن ئېلىپ كەلدى،
يوغان بىر كىتاپ.
قويدى ئۇنى شىكاۋىغا،
ئاستا ـ ئاۋايلاپ.
قاماشتۇرغاچ كۆزۈمنى ئۇ،
چاقناپ ـ يالتىراپ؛
يۈگەردىم ـ دە قولغا ئالدىم،
ئىتتىك ـ ئالدىراپ.
باقسام، ئۇنىڭ مۇقاۋىسى
كۆركەم ـ نەقىشلىك.
ئالتۇن ھەلدە يېزىلىپتۇ:
" قۇتاتغۇ بىلىگ".
سوراپ بىلسەم، يۈسۈپ بوۋام
يازغانكەن ئۇنى.
ئايلاپ ـ يىللاپ ئەجىر قىلىپ،
كۈندۈز ھەم تۈنى.

كۆرسىتىلگەن ئىكەن ئۇندا،
چىن بەخت يولى.
" كىم شۇ يولدا ماڭسا، تاقار،ـ
دەپ،ـ بەخت گۈلى "
شۇڭا ئۇنى ئەجدادىمىز،
ئەتىۋا بىلىپ؛
ساقلىغانكەن ئەسىرلەردىن،
تىلتۇمار قىلىپ.
بىلدىم: دىمەك، ئەشۇ قامۇس
ئىلىم كانىكەن.
مىللىتىمىز، خەلقىمىزنىڭ،
ئىپتىخارىكەن.
مەن ئوقۇيمەن چاندىن ئېزىز
كۆرۈپ ھەر كۈنى.
كۆزلىرىمگە تۇتىيا دەك
سۈرۈپ مەن ئۇنى.

## ئېپكەلمەيمەن سىڭلىمنى

ئۈچ ياش سىڭلىم گۈلبوستان،
تۇرغىنىدا ئەركىلەپ؛
سۆيۈندىم مەن تېخىمۇ،
مېھرىم ئېشىپ ھەسسىلەپ.
تۇتۇپ ئۇنىڭ قولىدىن،
مەكتۇپىگە ئېپكەلدىم.
جېكىلەپ مەن يولبويى،
" خاپا قىلماڭ! " دەپ كەلدىم.
بىراق، دەرس باشلىنىپ،
ئۆتەي تېخى ئۇن مىنۇت؛
" كېتىمەن! " دەپ پىچىرلاپ،
ئۇردى سىڭلىم يەرگە پۇت.

كۆنمىدى ھېچ، بەزلىسەم،
كەنپىت، گازىر تەڭلىسەم.
بېسىقمىدى خەقىشى،
ھەتتاكى " نان يەڭ! " دىسەم.
يىغلىۋەتتى ئۈن سېلىپ،
شۇئان تەرتىپ بۇزۇلدى.
يىردىلاشماي دەرسىمۇ،
توختاپ قالدى- ئۈزۈلدى...
ساۋاق قىلىپ داۋاملىق،
بۇ يارىماس ئىشىمنى؛
ئوقۇش يېشى توشقىچە،
ئېپكەلمەيمەن سىڭلىمنى.

## تامدىن قۇچقاچ ئالغاندا...

بىر بالىنى ئۇچراتتىم،
يېزىدىمىزنىڭ يولىدا.
( داكا باغلاپ، ئوڭ قولىنى-
ئېسىۋاپتۇ بويىنىغا ).
ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى،
چەكتى قەلبىم تارىنى.
توختاپ بىر پەس يولۇمدىن،
سوراپ قالدىم ھالىنى.
جاۋابىدىن بىلدىم مەن:
ئىسمى ئۇنىڭ مۇختاركەن.
قۇچقاچ تۇتۇش - بېقىشقا،
كىچىكىدىن خۇشتاركەن.
كونا ئارزۇ - ھەۋىسى،
چۈشۈپ قايتا ئېسىگە؛
بېرىپ قاپتۇ يېقىندا،
يۇرت - مەھەللە چېتىگە.

دەل شۇ پەيتتە بىر قۇچقاچ،
ئۇچۇپ كېلىپ پۇررىدە؛
" ۋىچىر - ۋىچىر " سايراپتۇ،
ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە...
ئەشۇ ئانا قۇچقاچنى،
تۇتىمەن دەپ تامادا؛
تامغا چىقىپ مۇختارجان،
ساپتۇ قولنى كاماغا.
پۇت تېرەلگەن كونا خىش،
كىرۋەكىدىن يېرىلىپ؛
سۇنۇپتۇ قول جەينەكتىن،
شۇئان مۇختار يىقىلىپ...
كىچىك دوستلار، بۇ ئىشتىن،
ئاچچىق ساۋاق ئالايلى.
قۇچقاچ " تۇتۇپ " مۇختاردەك،
يامان ھالغا قالمايلى!

# قىش خاتىرەلىرى

(سىكىل)

## مۇقەددىمە

كەتتى كەچكۈز خوشلۇشۇپ،
كەلدى قىش يېتىپ.
تەبىئەتكە خىلمۇ ـ خىل
سوۋغاتلار ئېلىپ.
سوغىقى بار دەپ ئۈنىڭ،
بولماڭلار بىزار.
خىسلىتىنى بىر ـ بىرلەپ،
قىلىمىز ئىزهار:

## قىرو

قاپلىغاندا تۈنىبويى
زېمىننى قىرو
دەيسىز : «كۆكتىن مەرۋايىت.
تۆكۈلگەنمىدۇ؟»
قوشار ھۆسىن شۇ قىرو
كائىناتلارغا.
كەۋسەركەبى ياقار ئۇ
مايسىزارلارغا.

## قار

كۆك قەرىدىن لەپىلدەپ،
چۈشسە ئاپپاق قار؛
مەپتۇن قىلار دىللارنى،
شاتلىق ـ ئېيتىمغار.
تال ـ تېرەكتە ئېچىلار،
پېرىدىجەك ـ چېچەك.

گويا قىزلار چەككەندەك،
ئاق ماموق لىچەك.
تۈنجى قاردا شات ـ خۇرام،
ئويۇن باشلايمىز.
قويۇپ شەرتلەر ئۆزئارا،
قارلىق تاشلايمىز.

## مۇز

دەريا، ئۆستەڭ، كۆللەردە
سۇلار مۇز قېتىپ؛
پارلار قوياش نۇرىدا،
كۆزنى چاقنىتىپ.
ئەتە ـ ئۆگۈن بەيگىگە،
چۈشۈپ ئوغۇل ـ قىز؛
مۇز تېپىلىپ كانىكىدا،
خۇشال ئوينايمىز.
يۈز ـ كۆزلەرگە نەشتەردەك،
ئۇرۇلسىمۇ سوغ؛
تاۋلايمىز بىز بەدەننى،
ۋۇجۇدىمىز چوغ.


## خاتىمە

دېمەك، دوستلار قىشنىڭمۇ،
كۆپتۇر خىسلىتى.
خۇددى باھار، ياز، كۈزدەك،
يۈكسەك ھۆرمىتى.

# شاھزادە بىلەن ئالۋاستى

( چۆچەك )

بۇرۇن بىر شاھزادە بولغان ئىكەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ خانىش ئانىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن . خانىشمۇ شاھزادە ئوغلىغا ئىنتايىن ئامراق ئىكەن . شاھزادە خانىش ئانىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچ قەيەرگە بارمايدىكەن . خانىشمۇ شاھزادە ئوغلىنىڭ دىگىنىنى قىلىپ بەرمەي قالمايدىكەن، ئوغلىدىن بىردەممۇ ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمايدىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە خانىشتىن شىكارغا چىقىش توغرىسىدا ئىجازەت سوراپ تۇرىۋاپتۇ. خانىش نائىلاج شاھزادىنىڭ شىكارغا چىقىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ . شاھزادە خانىشنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن تاغ باغرىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك بىر ئورمانزارلىققا كەپتۇ . شاھزادە ئۇ يەردە بىر ساھىپ جامال قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ . بۇ ساھىپ جامال قىزنىڭ مۈرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان قويۇق ئالتۇن چاچلىرى ، مىسران قىلىچتەك ئىنچىكە قەلەم قاشلىرى، مەرۋايىت ـ ئۈنچىلەردەك ئاپپاق چىشلىرى ، پىشقان گىلاستەك قىپ ـ قىزىل لەۋلىرى ، كۆپ ـ كۆك دېڭىزدەك چەشمە كۆزلىرى ··· شاھزادىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. ساھىپ جامال قىز نازۇ ـ كەرەشمە ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرىدىغان چەشمە كۆزلىرى بىلەن شاھزادىگە شۇنداق بىر نازاكەتلىك باققان ئىكەنكى ، شاھزادە شۇ ھامان مەستە ـ مۇستەغرەت قايىنىمىغا غەرق بولۇپ ، شۇ ھامان ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ. ئۇنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ كۈچلۈك ئىشقى ـ مۇھەببەت رىشتىسى چىرمىۋاپتۇ . شۇندىن ئېتىۋارەن شاھزادە ھېلىقى گۈزەل ئورمانزارغا بېرىپ ساھىپ جامال قىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بوپتۇ . بىر كۈنى شاھزادە ۋەدىلەشكەن قاراردا ئورمانزارلىققا يېتىپ كېلىپ قارىغىدەك بولسا ، ساھىپ جامال قىز بىر بۇلاق بويىدا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان مەجنۇن تالغا يۆلەنگىنىچە كۆزىنى بۇلاقتىن ئۈزمەي غەم غۇسسە قايىنىمىغا پېتىپ ئولتۇرغىدەكمىش . ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىلگىرىكى خۇشخۇي نازۇ ـ كەرەشمە




ئورنىنى خاپىلىقنىڭ قارا بۇلۇتلىرى توسىۋالغانلىقىنى كۆرگەن شاھزادە ھەم تەئەججۇپ ھەم ئەنسىرەش ئىچىدە " ئى ساھىپ جامال گۈزىلىم ، سىزگە نىمە بولدى ؟ ياكى ئاغرىپ قالدىڭىز ـ

www.uyghurkitap.com



مۇ؟ سىزگە نىمە بەرسەم ئايدەك گۈزەل جامالىڭىزدىن غەم ـ غۇسسەنىڭ قارا بۇلۇتلىرى تارقايدۇ ؟» دەپ سوراپتۇ . ساھىپ جامال قىز بېشىنى چايقاپ ئاغرىپ قالمىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپتۇ ۋە شاھزادىگە قاراپ :

ئى، شانۇ ـ شەۋكەتلىك شاھزادە ، سىز ماڭا بىر تال يىڭنە ئەكىلىپ بەرسىڭىز، دەپتۇ.

شاھزادە ھوزۇر ـ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىغا بېرىپ خانىش ئانىسىنىڭ بىردىن ـ بىر تەۋەرۈك يىڭنىسىنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ . شۇندىن كېيىن ساھىپ جامال قىزنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىق بۇلۇتلىرى تارقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خوشاللىق ئاپتىۋى قاپلاپتۇ . ئۇلار بۇلاق بېشىدا شىرىن مۇڭ ـ دۇشۇپ قوياش تاغ كەينىگە مۆككەندە ئەتىسى يەنە شۇ قاراردا ئۇچرۇشۇشقا ۋەدىلىشىپ ئايرىـ لىشىپتۇ . ئەتىسى شاھزادە شۇ قاراردا بۇلاق بېشىغا بېرىپ قارايدىغان بولسا ، ساھىپ جامال قىز يەنە خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك خاپا ھالدا ئولتۇرغىدەكمىش ، شاھزادە يەنە تۈنۈگۈنكى سۆزلەرـ نى تەكرارلاپ ئۇنىڭدىن : ــ سىزگە نىمە بەرسەم ئاي جامالىڭىزنى توسۇۋالغان خاپىلىق بۇلۇتـ لىرى تارقاپ خوشاللىق ئاپتىۋى چىقىدۇ ؟ ــ دەپ سوراپتۇ . ساھىپ جامال قىز شاھزادىدىن بىر دانە تۈگمە ئەكىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ . شاھزادە شۇ ھامان ئوردىغا بېرىپ ئانىسىنىڭ خا ـ نىشلىق زەر تونىنىڭ ئالتۇن تۈگمىسىنى ئېلىپ كېلىپ ساھىپ جامال قىزغا بېرىپتۇ . ئاندىن ساـ ھىپ جامال قىزنىڭ ئاي جامالىغا سايە سالغان خاپىلىق بۇلۇتلىرى تارقاپ خوشاللىق ئاپتىۋى پارلاپتۇ . ئۇلار بۇلاق بېشىدا ئۇزاققىچە شىرىن ـ سۆھبەتلەر قىلىشىپ قوياش تاغ كەينىگە مۆككەندىن كېيىن ئەتىسى يەنە شۇ قاراردا كۆرۈشۈشنى ۋەدىلىشىپ قايتىپتۇ . ئەتىسى شاھزادە بۇ ـ لاق بېشىغا كېلىپ قارىغىدەك بولسا ، ساھىپ جامال قىزنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىق بۇلۇتلىرى شاھـ زادىگە غەزەپ مۆلدۈرلىرىنى ياغدۇرۇپ تۇرغىدەكمىش . شاھزادە ھەيران ـ مەس بولۇپ يەتتە ئىگىلىپ تازىد بىجام كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ساھىپ جامال قىزنىڭ غەزەپ مۆلدۈرلىرى يېغىپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ :

ئى ساھىپجامالگۈزىلىم، سىزگە نىمە بولدى؟ سىز نىمىشقا خاپا بولدىڭىز؟ سىزگە يەنە نىمە كېرەك ؟ ـ دەپ سوراپتۇ . ساھىپ جامال قىز بولسا تال ـ تال ئوقيا كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چەشمە كۆزلىرىنى شاھزادىگە ئەمەس ، بەلكى كۆپ ـ كۆك ئاسماندىكى قوي پادىلىرىدەك ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپپاق بۇلۇت توپلىرىغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ جىم تۇرىۋىرىپتۇ . بۇ چاغدا شاھزادە بىتاقەت بولۇپ :

ئى ، ساھىپ جامال گۈزىلىم ، سىزگە ئەشۇ ئاپپاق بۇلۇتتەك توپ ـ توپ قوي پادىلىرىنى ئەكىلىپسوۋغا قىلايمۇ ـ يە ؟ مەن سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن ، پەقەت سىزنىڭ ئەشۇ ئاي جاـ مالىڭىزدىن خاپىلىق بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، خۇشخۇي نازاكەتلىك ، كۈلكە ئاپتىۋىنى كۆرۈشكە مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا،سىز مەيلى نىمىنى تەلەپ قىلسىڭىز ، تەلىۋىڭىزنى بىجا كەلتۈرۈشكە تەيـ يارمەن ، ـ شاھزادە ئېلىتىجا ياشلىرى قويۇلۇۋاتقان كۆزلىرى بىلەن ساھىپ جامالغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ساھىپجامال قىز ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، ئالماشتۇرۇپ بىر خىل كۈچلۈك تىلە ـ نىش ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى شاھزادىگە ئاغدۇرۇپ تۇرۇپ دەپتۇ :

ــ ئى ، شاھزادە يىگىت ، ئەگەر سىز مېنى خوشال قىلىشنى ئويلايدىكەنسىز ، ماڭا سىز خاـ نىش ئانىڭىزنىڭ سوقۇپ تۇرغان قىززىق يۈرىگىنى ئەككىلىپ بېرىشىڭىز كېرەك.

شاھزادە، بەجايىكى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن ھالدا ، ھەيرانلىق پاتقىقىغا پېتىپ ، ئۆز ئورنىدا قېتىپلا قاپتۇ . بۇ چاغدا ساھىپ جامال قىز ، شاھزادىنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنىكۆرۈپـ تۇـدە ، چەشمە كۆزلىرىدىن گوياكى يىپى ئۈزۈلگەن ئۈنچىلاردەك ياش ئۈنچىلىرى ئۈزمەي تۆ ـ كۈلۈشكە باشلاپتۇ . بۇنىڭدىن كۆڭلى بىئارام بولغان شاھزادە ئېسىنى يىغىپتۇ . ئارقىسىغا بۇرۇ ـ

لۇپلا ، ئۇچقاندەك ئۇردىغا — خانىش ئانىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ . بۇ چاغدا خانىش ئۇيقا دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ئىكەن . شاھزادە ، دەرھال ئانىسىنىڭ كۆكسىنى يېرىپ ، ئۇنىڭ سوقۇپ تۇرغان قىززىق يۈرىكىنى ئېلىپ ساھىپ جامال قىزنىڭ قېشىغا يۈگرەپتۇ . شاھزادە ئۇر — مانلىقتا يېتىپ بارغاندا، ئۆزىنى بەجايىكى بىر قاپ — قاراڭغۇ شام گور ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھىس قىپتۇ ، ھىچ نەرسىنى كۆرەلمەپتۇ . ئۇ ھەر بىر قەدەم تاشلىغاندا ، بەدەنلىرىگە گوياكى يىڭنە سانجىغاندەك تىكەن — چاتقاللار سانجىلىشقا باشلاپتۇ . ئۇ يەنە بىر قەدەم مېڭىشىغا بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدىكى ئانىسىنىڭ يۈرىكىدىن شۇنداق بىر ئىندا كەپتۇ: " ئى ، ئوغلۇم ! سەن يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ ؟ بىر يېرىڭ قاتتىق ئاغرىپ كەتتىمۇ ؟ ئوغلۇم ! ... مەن ئاخىرى ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم . سەن بىر نەفس ئەجدىرھادەك ئالۋاستىنىڭ سېھىرىگەر قولىغا چۈشۈپ قاپسەن . سەن بەرگەن يىڭنىنى ئۇ بەدىنىڭگە سانجىدى، ئوغلۇم سەن خوشال قىل — ماقچى بولغان بۇ ساھىپ جامال قىز سۈرىتىدىكى ئالۋاستى ئەمدى سېنىڭمۇ يۈرىكىڭنى كاۋاپ قى — لىپ يېسە ئاندىن بىردەملىك خوشال بولۇپ خۇنۇك چىرايى ئېچىلغانلىقىنى چۈشۈنەمسەن؟ ... ئوغ — لۇم ! سەن ئەمدى كېچىكتىڭ ، ئاھ ... ئېقىلسىز ئوغلۇم .»

ئانىنىڭ يۈرىكىدىن چىققان بۇ سادادىن تاغلار تىترەپ ، ئاسماندا كۈچلۈك چاقماق چېقى — لىپ كېتىپتۇ . شاھزادە چاقماق يورۇقىدا ساھىپ جامال قىزنىڭ ئۆزى سوۋغا قىلىپ بەرگەن يىڭنە — نى نەيزە ، تۆگىسىنى قالقان قىلىپ ، ئەجدىرھادەك ئاغزىنى ئېچىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئۆز — گە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ . بۇ چاغدا شاھزادە ساھىپ جامال قىز تەرەپكە قاراپ ئىن — تىلىشىگە ئۇنىڭ قولىدىكى خانىش ئانىسىنىڭ يۈرىكى شاھزادىنىڭ قولىدىن ژۇلقۇنۇپ چىقىپتۇ — دە، كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلىنىپ ساھىپ جامال قىزنىڭ قولىدىكى نەيزە قالقانلىرىنى ئېرىتىپ تاشلاپ ، ساھىپ جامال قىزنىمۇ تۇتۇنگە ئايلاندۇرىۋېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ پۈت — قولى دونۇشۇپ كۆزىگە قا — راڭغۇلۇق تىقىلىپ كۆزىنى قايتا ئاچالماپتۇ.

پەيزىۋات ناھىيىلىك 2 — يېڭىك سانائەت ئىدارىسىدىن: ئۆمەرجان روزى توپلىغان.

(بېشى 125 — بەتتە)

شىدىن؛ كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈشتىنمۇ توسالالايدۇ. مۇلارنىڭ ھەممىسىنى " شەيتاننىڭ پەيلى " ھەتتاكى ۋەلسپىتىنىمۇ " شەيتاننىڭ ھارۋىسى " ئۇنى مىنگەنلەر شەيتاننىڭ پەيلىنى قىلغانلار قا — تارىدا قىيامەت كۈنى شەيتان بىلەن بىر گوردىن قوپىدۇ... دەيدىغان پەتىۋالىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا " ئاتاڭ ياتقان ياتاقدا پاختا ئات!» دىگەننى تەرغىپ قىلىپ، يارىيا ھارۋۇ بىلەن بۇقۇسا، بويۇنتۇرۇقتىن نېرىسىغا ئۆتۈشنى " گۇنا " ھىساپلايدۇ. شۇڭا مەن بارغان يېرىمگە بارالايمەن، كەلگەن يېرىمگە كىلەلەيمەن، خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

شەيتاننىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئالىم چالا موللىغا بولغان غەزىۋىنى باسالماي:

سەن ھەققەت ئىزدىسەڭ قىلغان ئىنايەتىڭ قېنى؟
راستىنى يالغان قىلىپ، ئېيتقان شاھادىتىڭ قېنى؟
ئۇنىمۇ دەيسەن يامان، ھەم بۇنىمۇ قىلساڭ يامان،
ياخشىلىققا باشلىغان كەشپى — كارامىتىڭ قېنى؟
جانى سەن "جىك" مال قىلىپ، شەيتان ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ،
شۇنچە كۆپ "ئەجرىڭ" ئۈچۈن ئالغان مۇكاپاتىڭ قېنى؟!

دىگەن ناخشىنى ئوقۇپ، ئايىنى يولداش، چولپاننى سىرداش قىلىپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com



# ۋورووۋىسكى كوچىسىدىكى 52 - قورادا

## سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە بولغان چاغلىرىمدىكى ئويلىرىم

جۇ چۇنيۇ

موسكۋانىڭ يېقىملىق گۈگۈمى خاتىرجەم ۋە جىمجىت. كىرىمىل سارىيى ئىچىدىكى چىركوۋلارنىڭ ئالتۇنرەڭ ئۆگزىسى زەڭگەر ئاسمان گۈمبىزى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن ئىدى، كوچىلاردا لېرمونتوپ، پۇشكىن، شېۋچېنكو، تولستوي، گوركى، ماياكوۋسكى. ئا. فادىيېپلارنىڭ ھەيكەللىرى زەررەڭ، قىزغۇچ شەپەقكە پۈركۈنۈپ تۇراتتى. بىر ياش ئانا بىر قولىدا «ئاننا كارېنىنا» دىگەن كىتاپنى كۆتىرىپ، يەنە بىر قولىدا بالىسى شىرىن ئۇخلاۋاتقان كىچىك غالتەكنى ئىتتىرگەن ھالدا بۇ ھەيكەللەر ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاتتى. بۇ ئۇلۇغ ئەدىپلەرنىڭ ھەيكەللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەرۋاقىت بۈگۈنكى سوۋېت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمرا بولماقتا.

ئۆتكەن يىل سىنتەبىرنىڭ بىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ سېكرىتارى يۇرى پېتروۋىچ ۋورونوپ سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى سېكرىتارى گېئورگى موكايېۋىچ ماركوپقا ۋاكالىتەن مېنى ۋورووۋىسكى كوچىسىدىكى 52 - قورا — سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە زىيارەتكە تەكلىپ قىلدى. بۇ يەردە يۇرى ۋورونوپ مېنى باشلاپ يۈرۈپ، بۇ قورادىكى ل. تولستوينىڭ ھەيكىلىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى. بىر ساغۇچ تامدا كىچىككىنە بىر ۋىۋىسكا ئېسىقلىق تۇراتتى، مەن بۇ ۋىۋىسكىدىكى خەتنى ئوقۇپلا بىرنىمىنى ئېسىمگە ئالغاندەك بولدۇم-دە، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتى جايلاشقان بۇ قورانىڭ ھەممە يېرىگە كۆز يۈگۈرتتۈم، ۋىۋىسكىدا:

ل. تولستوي مۇشۇ قورانى تەقلىت قىلىپ «ئۇرۇش ۋە تېچلىق» تىكى بىبىل بىزوخوۋنىڭ ھوجرىسىنى سۈرەتلىگەن، دەپ يېزىلغان ئىدى.

— بۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، — دىدى يۇرى ۋورونوپ.

شۇنداق، سوۋېت يازغۇچىلىرى ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ۋە ئەدەبىيات مىراسلىرىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، بۇ غايەت زور بىر مەنىۋى بايلىق.

بۇ ئۆزەمنىڭمۇ ھىكايە يازىدىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. مەندە سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ھىكايە ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن تېخىمۇ قىزىقىش پەيدا بولدى. مەن تۇۋۇبىنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا يۇرى ۋورونوپتىن ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىكايە ئىجادىيىتىدىكى ئەھۋاللارنى سورىدۇم. ئۇ مۇنداق دىدى:

ــ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەتلەر
ۋە غايەت زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى . بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار سىلەرنىڭكىدىن ئانچە
پەرقلەنمەيدۇ . بىزگە مەلۇمكى ، سىلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى پىروزا ئىجادىيىتىڭلارنىڭ
نەتىجىسىمۇ خېلى كۆرۈنەرلىك بولىۋاتىدۇ .

ئۇنىڭ پىروزادىگىنى ھىكايىلارنى كۆرسىتەتتى. رۇس تىلىدا شېئىر، دىراما، كىنو ئەدەبى-
ياتى ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقىسى پۈتۈنلەي پىروزا (ПРОЗА) دەپ ئاتىلىدۇ .
مەن سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈش ھەم ئۇلار بىلەن كەڭ ئۇچرۇشۇش داۋامىدا
ئۇلارنىڭ ھىكايە ئىجادىيىتى جەھەتتىكى تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى ھىس قىلدىم .

ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پېشىۋالار يەنىلا جۇشقۇن ھالدا ئۆز قەلىمىنى ئىشقا سېلىۋېتىپتۇ .
نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شولوخوپ ھېلىمۇ ساغلام ھالدا دون دەرياسى بويىدىكى
قېدىمى جايىدا ياشاۋېتىپتۇ، «رۇس ئورمانلىقى» بىلەن ئەدەبىيات مۇنبىرىدە شۆھرەت قازانغان
84 ياشلىق لېئانوپ ھېلىمۇ ياش يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىدا نوتۇق سۆزلىمەيدىكەن ؛ بابايېۋسكى
سېمىيون پېتروۋىچ ياشنىپ قالغان چېغىدىمۇ قەلىمىنى تاشلىماي كۇباننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ
تەسىرلىك كارتىنا ـ « ئاخىرقى بىر ئات » دېگەن رەسىمنى سىزىپ چىققان ؛ «مەڭگۈ سەپتىن
چۈشۈپ قالماسلىق » نى يازغان گونچار يەنە « سىنىڭ شەپىغىڭ » ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياش
يازغۇچىلىق باھارىنى ئۇرغۇتقان ؛ ۋورونېنىنىڭ يېڭى ھىكايىلىرى ئۆزلۈكسىز چىقىپ تۇرغان ؛ ۋا-
دىم كورېۋنىكوپنىڭ سانائەتنى تېما قىلىپ يازغان «دەرەخ يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ ئۇچى » دېگەن رو-
مانى خېلى ياخشى باھاغا ئېرىشكەن ...... ۋاھالەنكى ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىكايە ئىجادىيىتى
ھەر ھالدا گوركى دەۋرىگىمۇ، ئا . فادىيېپ دەۋرىگىمۇ ، رو . ئا . پېدىن دەۋرىگىمۇ ئوخشىماي-
دىكەن . يېڭى بىر ئەۋلات يازغۇچىلار باش كۆتىرىپ چىقىپ، بۇرۇنقى ئەنئەنىلەر بىلەن قانائەتلىن-
نىپ قالماي، ئېچىش خاراكتېرلىك ئىزدىنىشتە بولىۋېتىپتۇ. بۇ سوتسىيالىستىك رېئالىزىم شۇئارىد-
نى يېڭى مەنا بىلەن تەمىن ئەتكەن . ئۇنىڭ چوڭقۇرلىقى ۋە كەڭلىكىگە ئىلگىرى سىغدۇرغىلى
بولمايدىغان نۇرغۇن مەزمۇن ، ئېقىم ۋە تېمىلارنى سىغدۇرغىلى بولىدىكەن .

بىر كۈنى گوركىنىڭ قېدىمى تۇرالغۇ جايىغا كېتىۋېتىپ ، گوركىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتى تەتقى-
قات ئورنىدىكى بورىس رىۋۋۋىچ لىفكىندىن:

ــ نۆۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ھىكايە ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى نېمە ؟ ـ
دەپ سورىدىم . ئۇ كۆپ ئويلانماستىنلا جاۋاپ بەردى :

ــ مەزمۇنىنىڭ خىلمۇ ـ خىل ۋە مول بولغانلىقى . سىز كىروپىنىنىڭ «زەمزەم » دېگەن
پوۋېستىنى ئوقۇغانمىدىڭىز؟

ــ بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى «يېڭى دۇنيا» ژورنىلىدا ئوقۇغان ئىدىم، سەل ـ پەل ئېسىمدە
قېلىشىچە، بۇ ئەسەرگە زەمزەم توغرىسىدا بىر خەلق چۆچىكى قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆ-
مۈر بويى باشقىلارنىڭ ئىش ـ پىشىغا ياردەم بېرىدىغان، قايسى ئائىلىگە كىرسە، شۇ ئائىلىدە
قوساق باقىدىغان، ھەممە كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ، ئورمان باققۇچى بىر ئاقكۆڭۈل كىشى
يېزىلغان. كىم بىلسۇن، ئۇ ئەمدى باشقىلاردىن ئىشلەپ بەرگەن ھەققىنى ئالمايدىغانلىقىنى جاكالىغاندا،
كىشىلەر ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغان. ئۇ ئۆزىنى ئەسلەپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بۇرۇنقىدەك ئۇن-
داق ئېھتىياج ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن. بۇ ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە مۇرەككەپ كىشىلىك خۇلق-

www.uyghurkitap.com



مىجەز يېزىلغان ئەسەر. شۇ چاغدا بۇ ھال ماڭا ياپونىيىلىك يازغۇچى گەيچۇەن يازغان «بۇرۇن» دېگەن ئەسەرنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەنە كېلىپ گەيچۇەننىڭ ئەسىرىگە خېلىلا ئوخشىمايتتى. يەنە بېلورۇسسىيىلىك يازغۇچى سامياگىننىڭ رومانى «سېنىڭ ئازاۋىڭنى مەن تارتاي» دېگەن ئەشۇنداق تېمىلارمۇ بار، بۇنىڭدا دۈشمەننىڭ پىسخىك ھالىتى ئادەتتىكىدىن باشقىچە يېزىلغان.

مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقمىغان ئىدىم، بورىس لىفكىن ماڭا كىتابنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى سوزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى مەلۇم بىر دېخانچىلىق مەيدانىدىكى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىدە بىر ئەترەت باشلىقى بار ئىكەن. ئۇنىڭ پەختىلىك بىر ئائىلىسى بولۇپ، تۇرمۇشى باياشات، خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتىدىكەن. لېكىن بىر كۈنى ئۇرۇشتا قامالغان بىر بۇزۇق ئەبلەخنىڭ قاماق مۇددىتى توشۇپ قايتىپ كەپتۇ، بۇ ئەبلەخ دەل ئەينى يىللىرى نېمىسلارنى باشلاپ كېلىپ، ھېلىقى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەت باشلىقىنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن ئىكەن. ھېلىقى ئەبلەخ ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشىغا بىر دىن-بىر ھايات گۇۋاچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ۋەھىمە يەپ، گۇۋاچىنى يوقىتىۋەتمەكچى بوپتۇ-دە، باكنى پارتلىتىپتۇ. نەتىجىدە، پارتلىتىلىپ ئۆلگەن كىشى ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشى ئەمەس بولۇپ چىقىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ، يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ. دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ دوختۇرى دەل ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەت باشلىقىنىڭ خوتۇنى ئىكەن، ئۇ جىددى قۇتقۇزۇشقا كەلگەندە، ھېلىقى بۇزۇق ئەبلەخ ئۆز ئايالىنىڭ پارتلىتىشنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى دوختۇرغا پاش قىلىپ قويىماقچى بولغانلىقىدىن ھودۇقۇپ كېتىپ، ئايىلىغا قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. دوختۇر ئۇنى توسۇپ ئىتتىرىپ يەرگە يىقىتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەبلەغ جېنىدىن جۇدا بولۇپ بېشىنى يەپتۇ. دوختۇر سوتقا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلماقچى بولغان ئىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپتۇ.

بۇنداق رومانلار ئىلگىرىكى بەزى يازغۇچىلارنىڭ زور ۋەقەلەرنى ئىپادىلەش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن ۋە ئۆزگۈرۈچان دەۋرلەردىكى ئارقا كۆرۈنۈش شارائىتىدا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئىجتىمائى ۋەزىيەتنى ئورۇنلاش يولى ئارقىلىق پېرسوناژلارنى ئېچىپ بېرىشىدىن پەرقلىنىدۇ؛ بۈگۈنكى سوۋېت يازغۇچىلىرى ئاساسىي دىققەت-ئېتىبارىنى خىلمۇ-خىل زىددىيەتلەر ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلەرگە قاراتماقتا؛ ئادەم تۇرمۇشىنىڭ ھەر خىل ساھەلىرىدە مەۋجۇت ئىكەن، ئەدەبىياتنىڭ قەدىمىمۇ مۇقەررەر ھالدا ھەر خىل تۇرمۇش ساھەلىرىگىچە يېتىشى، بۇنىڭ بىلەن ئەسەرلەرنىڭ تېما ئىدىيىسىنى كېڭەيتىشى كېرەك.

ئوخشاش بولمىغان مۇرەككەپ تۇرمۇش زىددىيىتىدە ياشىغان كىشىلەر ئۆزگىچە ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن بۈگۈنكى سوۋېت ھېكايىلىرىدا پەيدا بولماقتا. بۇنىڭدا ھامان تېمىنىڭ تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ تىرەش نۇقتىسى ئەخلاق كۆز قارىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەر يازغۇچىلارنىڭ خاھىشى ئوچۇقلا سېزىلىپ قالىدىغان ياكى يازغۇچىلار ئوپول-توپول تاقەتسىزلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەخلاق ئۆلچىمى ئۈستىدە سۆزلەپ كېتىدىغان 50-يىللاردىن بۇرۇنقى ئەسەرلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ ........ شەھەر، يېزا، ئۆتمۈش، ھازىر، ئاسمان، يەر ھەممىسى ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەتلىنىدىغان سەھنىسى، سوۋېت يازغۇچىلىرى

ھەر خىل سەھنىلەردە ئەخلاق دىرامىمىسىغا رېژىسسورلۇق قىلماقتا . يۇرى ۋۇرونۇپىنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتقان مۇنۇ گەپلىرى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس :

— ئەخلاق تېمىسى دېگەن گەپ توغرىمۇ .. قانداق ؟ بىراق ، ئەخلاق كۆز قارشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يېزىش — ئەبەدىلىك تېما ، لېكىن بۇ تېمىنى خىلمۇ — خىل ۋەقەلىكلەر بىلەن ئورۇنلىغىلى بولىدۇ . ئەگەر بىر خىل ئەخلاق تېمىسى بار دېيىلسە ، ئۇ ھالدا كۆپخىل سيۇژىتلىق ئەسەرلەرگە سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ، ئورۇش ...... تېمىلىرىنى يىغىنچاقلاپ كىرگۈزگىلى بولىدۇ .

شۇنداق ، ئەخلاق كۆز قارشى خۇددى چەكسىز ئېقىنغا ئوخشاش ، ئۇ مىللى ئەنئەنە مەدەنىيەتكە ئىگە ، ئۇنىڭدا يەنە ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدىغان ئېقىنمۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق كۆز قارشى بىلەن جىپسىلىشىپ كېتىدىغان تەرەپمۇ بار . مەيلى بىرەر مەسىلە بايان قىلىنغان ھېكايە ، پىسخىك ھالەت يېزىلغان ھېكايە ( جۈملىدىن بايان خاراكتېرلىك ھېكايە ) ، سىياسى ئوبزور خاراكتېرىدىكى ھېكايە ، ئەمەلىي ئىشلار خاتىرىلەنگەن ھېكايىلار بولسۇن ، ھەممىسى ئەخلاق كۆز قارشىدىن ئىبارەت بۇ چەكسىز ئېقىننىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ .

مەن يۇرى ۋۇرونۇپ بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ خىيال سۈردۈم : سوۋېت يازغۇچىلىرى ئەخلاق كۆز قارشى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە شۇنچە خۇشتار ئىكەنۇ ، نېمىشقا يەنە ئەخلاق جەھەتتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئاددى كىشىلەرنى ئاز يازىدىغاندۇ ؟ ياكى ھېكايىلاردا " ھازىرقى زامان ئىستىمالچىلىرى" نىڭ ئوبرازى نېمە ئۈچۈن ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ ئورنىنى زىيادە ئىگىلەپ كېتىدىغاندۇ ؟ بۇنداق ئاساسىي قەھرىمانلار رۇشەنكى، ئىنتىلىشچانلىققا باي، مۇكەممەل ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئوبرازى، يەنى ئاتالمىش قەھرىمان شەخسلەر ئەمەس . لېكىن ، يازغۇچىلار بۇنداق ئاساسىي قەھرىمانلارنى ئىجتىمائى ئەخلاق ۋە ئىجتىمائى پىسخىك جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى روھى دۇنياسىنى تېخىمۇ تولۇق ئېچىپ كۆرسىتىپ ، مۇرەككەپ ئىندىۋىدۇئاللىقنى تېخىمۇ تولۇق يارىتالايدۇ ، دەپ ئويلايدىكەن . يۇرى ۋۇرونۇپ ماڭا مۇنداق دېدى : سوۋېت يازغۇچىلىرى قىسقا ھېكايىلار ئورۇنلىيالمىغان ئەدەبىياتتىكى بۇ ۋەزىپىنى پوۋېست ئارقىلىق ئورۇنلىغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ . پوۋېستلارنىڭ تولىسىدا ئاكتىۋال ئاساسى قەھرىمان ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجابى پېرسوناژلار بولىدۇ ؛ بىراق ، بۇ ئىجابى پېرسوناژلارمۇ نۇقسانسىز، مۇكەممەل بولۇپ كەتمەيدۇ . شۇنداق ، مەن يۇرى ۋۇرونۇپقا دېدىم : سوۋېت يازغۇچىلىرى قەھرىمانلارغا نىسبەتەن " ئادەمنىڭ خىسلىتى " نى كۆرنۇالغاندەك ھەمىشە ناھايىتى زور ، ئۆز — ئۆزىگە زىتئەرسىلەر، ھەتتا كەمچىلىكلەرنى كۆتىرىۋېلىپ ، بىر خىل ئۆز — ئۆزىدىن خىيال سۈرۈپ ئەسلەش يولى بىلەن كىتاپخانلار ئالدىدا پەيدا بولىدىكەن . ۋۇرونۇپ كۈلۈپ ، ئاقارغان بېشىنى لىڭشىتتى . تېمىنىڭ خىلمۇ — خىل بولۇشى، ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ خىلمۇ — خىل بولۇشى خىلمۇ — خىل ئىپادىلەش ۋاستىسىنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ يەردە ھازىر بىللى جوئىس بىلەن مارچېپۇسنىڭ باھاسىغىمۇ قاراشلار بىردەك ئەمەس . بۇنىڭ ئەجەپلەنگىدەك يېرى يوق ، دەسلەپتە ، فادېيېنىڭمۇ چېخوپقا بەرگەن باھاسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى . ئېرېنبورگ بولسا چېخوپنى ل . تولستوي بىلەن تەڭلەشتۈرەتتى . ئۆز مىللىيتىنىڭ پېشۋالىرىنى شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ . بىراق ، ئەجنەبىلەرگە بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجـ

جىتى ؟ بۈگۈنكى سوۋېت ھېكايىلىرىنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسى ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن غەرپنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلمەكتە. بۇلار يېڭى ئەمما تونۇشلۇق ، كونا دېسە كونا ئەمەستەك ، كۆپ ئۆزگىرىشلىك بولۇۋاتىدۇ .

ــ سىز ماكانىنىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ، چېخوۋنى ئېسىڭىزگە ئالالىدىڭىزمۇ ؟ ـ مەشھۇر ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچى ، « ئىزباسارلار » ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى لىخانوپ مەندىن شۇنداق سورىغان ئىدى .

مەن ماكانىنىنىڭ ئەسەرلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن . ئۇنىڭ « تېز ئېقىن » ، « سولدات ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى » دېگەن ئەسەرلىرى ، ياكى بۇرۇنراق ئېلان قىلىنغان « كونا بازاردىكى ۋەقە» نى كۆرۈپ ، مەندىن بىر ياش كىچىك بولغان ئوتتۇرا ياشلىق بۇ سوۋېت يازغۇچىسىنىڭ پسىخىك ھالەتنى تەھلىل قىلىش ماھىرى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ھېس قىلىپ قالغان ئىدىم . ئۇ سىپتا ھەم توغرا تىل سىڭدۈرۈلگەن قەلىمى بىلەن ئەڭ ئاددى كىشىلەرنى يازغان . شۇ ۋەجىدىن ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نۇرانىلىق ئىزلىنىش كەم دەپ ئەيىپلەنگەن. لىخانوپنىڭ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېچىپ بېرىشى ئارقىلىق ، مەن بىردىنلا ماكانىنىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تومۇرىنىڭ راست دېگەندەك ، چېخوپنىڭ تومۇرى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . دەۋر ئۇنىڭ تومۇرىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يەنىلا چېخوپ ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدەك ئۇنداق مۇكەممەل ، ئۇسلۇبى ئۇنداق سىپتا ، راۋان ، ۋاستىسى ئۇنداق پۇختا بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ زېمىنى كەڭ ئېچىلغان ، پېرسوناژلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى مۇرەككەپلەشكەن، چوڭقۇرلىشىش تەركىۋى كۆپەيگەن ، ئۇنى يەنىلا چېخوپنىڭ ۋارىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .

يەنە بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى . گىلادكوپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ قىز نەۋرىسى سېۋېتىپلانا گىلادكوۋا مېنى تېپىپ ، مەندىن بوۋىسىنىڭ «مالىمان ئەنسىز ـ يىللار » دېگەن كىتاۋىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىن بىرنى تېپىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈش قىلدى . مەن بىر ئامال قىلىپ ، بۇ ئىشنى ئىمكان قەدەر ئورۇنلاپ بەرمەكچى بولدۇم . چۈنكى گىلادكوپنىڭ « ئېقىن » دېگەن ئەسىرى كىچىك چېغىمدىلا قەلبىمدە مۇكەممەل ئەدەبىيات مۇنارى بولۇپ تىكلەنگەن ئىدى . ئۇنىڭ تارىخى ئورنى ۋە قىممىتى ھېلىمۇ مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قوزغايدۇ . ۋاھالەنكى ، مەن بۈگۈنكى سوۋېت يازغۇچىلىرى ئىچىدە ھېچكىمنىڭمۇ ئىشلارغا ئۇنىڭدەك ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ۋەقەلىككىمۇ ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى سەزدىم . ئۇلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئىنچىكە تەپسىلاتلار ، كىشىلەرنى تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ـ بۇنى بىر خىل پىروزىلاشقان خاھىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ ، ياكى چەتتىن ( ئاساسەن غەرپتىن )كەلگەن تەسىر دېيىشكىمۇ بولىدۇ . غەرپ ئاۋانگارتلىرى خېلى زور ھەيۋەت بىلەن ھېكايە ئىجادىيىتىدىن ۋەقەلىكنى مەڭگۈ ئېلىپ تاشلاشقا كۆپ قېتىم ئورۇندى ، بۇ ھەقتە سوۋېت ئەدەبىيات مۇنبىرىدىمۇ تەۋرىنىش بولدى . 80 ـ يىللارغا كەلگەندە ۋەقەلىك يەنە قايتىپ كەلدى، ئىندىۋىدۇئاللىقنى تەسۋىرلەش يەنىلا يېڭىلمەس ئورۇنغا ئۆتتى . ساپ سۇبيېكتىپچىلىق خاراكتېرىدىكى ھېكايىلار ئىنقىلاۋى رېئالىزىم ئالدىدا چېكىنىدى ......

# تەكەببۇرلۇق ۋە كەمتەرلىك

( مەسەل )

ئابدۇراخمان مۆمىن

كۆكتە لەيلەپ يۈرۈپ تاغ چوققىسىغا توپلانغان بىر پارچە پۇلۇت مەغرۇرلۇق بىلەن ھەممە ياققا سەپ سېلىپتۇ. ئورمانغا، دېڭىز ـ دەريالارغا، دۆڭ ـ ئىدىرلارغا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ ۋە بىردىنلا ئاستىدا تۇرغان تاغنى كۆرۈپتۇ ـ دە، تەكەببۇرلۇق بىلەن: " ھەي سىنىڭ بويۇڭ ھەجەپ پاكار ئىكەن، بۇنداق پاكار بويۇڭنى كۆرگەن كىشىلەر، سىنى قانداقمۇ كۆزگە ئىلسۇن " دەپ مەسخىرە قىپتۇ. جىم تۇرغان بەستلىك تاغ: " دۇرۇس ، سەن ئۆزۈڭ ئىگىزدە تۇرغانلىقتىن مەن ساڭا پەس كۆرۈنگەن بولۇشۇم مۇمكىن " دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان بۇلۇت: "ھا! ھا! ھا! " دەپ قاقاخلاپ كۈلۈپ: " ئەي پەتەك تاغ، راستىنى ئېيتتىڭ، توغرا دىدىڭ " دەپ ـ ئاغزى قۇلىقىغا يىتىپتۇ ـ دە، تەكەببۇرلىقتىن ئۆزىنى قويغىلى جاي تاپالماي قاپتۇ.

شۇ ئاندا تۇساتتىن تاغ شامىلى كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتنى ئۇچۇرۇپ كىتىپتۇ. تەكەببۇرلۇقتىن ھىچ قانداق ئىز ـ ئەسەر قالماپتۇ . بەستلىك تاغ ئۆز جايىدا يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن قەد كۆ ـ رۈپ تۇرۇپتۇ.

---

بۇ نىمە دىگەن ئۆزگۈرۈشچان ئەدەبىيات ھادىسىسى ـ ھە !

ل . تولىستوينىڭ ھەيكىلى ئالدىدا يۈرى ۋۈرونوپ بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتىم . ۋۈرووۋىسكى كوچىسىدىكى 52 ـ قورادىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئوي ـ خىياللار كاللامدا قېلىۋەردى .

مەن سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمىيىتى ، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت نەشرىياتى كومىتې ـ تى ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادىمىيىسى ۋە نۇرغۇن نەشرىياتلاردا زىيارەتتە بول ـ دۇم ، يازغۇچىلار ، ئالىملار ۋە كىتاپخانلار بىلەن سۆزلەشتىم ، مۇزاكىرە قىلدىم ٬ مېنى ئوي ـ لاندۇرىدىغان نۇرغۇن ئەدەبىيات تېمىلىرىغا ئىگە بولدۇم : ھەر كۈنلىگى گوگۇم ۋاقتىدا ، بۇ تې ـ مىلارنى ئويلىغاچ ، موسكۋا رېستۇرانىدىن چوڭ تاش كۆۋرۈك يېنىدىكى بەيگە مەيدانىنىڭ دەرەخلىق كوچىسىغا بېرىپ سەيلە قىلاتتىم ........

ھەر كۈنى كەچ كىرەي دىگەن چاغدا ، مەن ھامان موسكۋا دەرياسى بويىغا يېتىپ باراتتىم. كۆز كېچىسى سۈزۈك كۆرىنەتتى ، ئاسمانىدىكى يۇلتۇزلار شەھەردىكى چىراقلار بىلەن بىللە جىمجىت موسكۋا دەرياسى ئۈستىگە شولا چۈشۈرۈپ ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئاجايىپ يورۇقلۇق پەيدا قىلاتتى ، مەن بولسام ئەتىكى سوۋېت ئەدەبىيات مۇنبىرىدە قايسى يۇلتۇز ئەڭ يورۇق چاقنار كىن ؟ دىگەن ئويدا ئىدىم .

« ئەدەبىيات گېزىتى » نىڭ 84 ـ يىل 2 ـ ئايىدىكى سانىدىن

داۋۇت غازى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com



# شەيتاننىڭ پېنسىيەگە چىقىشى

(مەسەل)

مەمتىلى ھاۋازى

جاھان كەزگۈچى بىر ئالىم سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپ نۇرغۇن شەھەر، يېزا-قىشلاق، دەشتى باياۋان، چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ. تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپتۇ، يول ئازاۋىدىن چارچاپتۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپتۇ. ئۇزاقتىن كۆرۈنگەن بىر تۈپ دەرەخنى نىشانلاپ مېڭىپتۇ-دە، ھېلىقى مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بىر بۇلاق بار ئىكەن. بۇلاقتىن بەھرىمەن بولغان بىر تۈپ يوغان سۆگەت دەرىخى ئەتراپىدا ھەر خىل ئېچىلىپ كەتكەن گۈل-گىيا، ياپ-يېشىل ئۈسكەن مايسىلارغا سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئازادە جايدا پۇت-قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان بىر مەخلۇققا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئالىم ئاستا بېرىپ، بۇلاقنىڭ سۈيىدىن قانغىدەك ئېچىپ، تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ. ئارام ئېلىپ ھاردۇقىنىمۇ چىقىرىۋاپتۇ. ئالىم كۆڭلىدە: «بۇمۇ — ماڭا ئوخشاش يولۇچى بولسا كېرەك، ئېھتىمال ماڭا ھەمرا بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دېگەن ئوي بىلەن يۆتۈلۈپتۇ، چۈشكۈرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ، ھېچ ئويغانماپتۇ.

— ئادىمىزاتمۇ سەن؟ دىۋە-پەرىمۇ، ياكى جىن-شاياتۇنمۇ سەن؟ - دېيىشى بىلەن تەڭلا:

— ھەق راست، مەن شەيتانمەن، نىمە كېپىڭ بار؟ دەپتۇ ھېلىقى بىر كۆزى كور مەخلۇق ئالدىغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ.

— سىنىڭ ۋەزىپەڭ تىنىم تاپماي ئادەم پەرزەنتلىرىنى يولدىن ئازدۇرۇش تۇرسا، نىمە ئۈچۈن بۇ يەردە يېتىۋالدىڭ؟ - دەپتۇ ئالىم ئۇنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ.

— تەقسىر، - دەپتۇ شەيتان قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، - مېنىڭ ئىشىمنى داۋاملاشتۇرىدىغان شاگىرتلىرىم كۆپىيىپ قالدى، ئۇلار خەلقنى ئازدۇرۇشتا مەندىن ئۇستا چىقىپ كەتتى، شۇڭا مەن «پېنسىيە» گە چىقىۋالدىم.

— كىم ئۇ شاگىرتلىرىڭ؟

— چالا موللا، - دەپتۇ شەيتان مەغرۇر قىياپەت بىلەن. چالا موللامنىڭ ھەممىگە «يامان بولىدۇ» دېگەن پەتىۋالىرىدىن رەنجىپ كەتكەن ئالىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا:

— ئى، ئېقىللىق ئالىم، - دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ شەيتان، - ئۇلارنىڭ قارىسىدىلا ھۆكۈم قىلىشلىرى ئادەملەرنى يېڭىلىق ئىجات قىلىشتىن؛ باللارنىڭ مەكتەپلەردە ئىلىم-مەرىپەت ئېلىش-

(ئاخىرى 118-بەتتە)

# «كىچىك ھېكايە ئىجادىيەت مۇسابىقىسى» توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارىدا ئەڭ ئاددى تۇرمۇش ھادىسىلىرى تەسۋىرلەنگەن ۋە بۇ تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىچىدىن ماھىيەتلىك جەۋھەرلەرنى سۈزۈۋېلىپ، جانلىق بەدىئى ئوبراز ئارقىلىق، كىشىلەرگە كۈچلۈك ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان بىر تۈركۈم كىچىك ھېكايىلار مەيدانغا چىقىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. گېزىت - ژۇرناللاردىكى بۇرۇنقى قاتمال، قېلىپبازلىق بىلەن يېزىلغان ئۇزۇن، كېلەڭسىز ھېكايىلارنىڭ ئورنىنى ئاستا - ئاستا كىچىك ھېكايىلار ئىگىلىمەكتە. بۇ- نۆۋەتتە ئېلىمىز مىقياسىدا چوڭقۇر قانات يېيىۋاتقان ئىقتىسادى ئىسلاھات داۋامىدا، ئۇستىقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش ۋە يېڭى باشلىنىش.

بۇندىن كېيىنكى ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئەدەبى ئەسەرلەرنىڭ قىسقا، ئىخچام، مېغىزلىق بولىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئاپتورلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت روھىغا ئىلھام - مەدەت بېرىش، ئەڭ مۇھىمى ھېكايە ئىجادىيىتىنى زامانىۋىلىشىش دەۋرىگە مۇناسىپ ھالدا كەڭ كىتابخانلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان تەرەپلەرگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، ژورنىلىمىز 1985 - يىلى 1-ئايدىن 1986 - يىلى 6- ئايغىچە بىر نۆۋەت كىچىك ھېكايە ئىجادىيىتى بويىچە ئىجادىيەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇشنى قارار قىلدى (ئادەتتىكى چوڭراق ھەجىمدىكى ھېكايىلار بۇنىڭ سىرتىدا) بۇ ھېكايىلار "5 مىنۇتلۇق ھېكايىلار» ستونىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ۋاقىت توشقاندا باھالاپ مۇكاپات بېرىلىدۇ.

شۇڭا، ئاپتورلىرىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ژورنىلىمىزنى ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كىچىك ھېكايىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ مۇنداق:

بىرىنچى، پىكىر يېڭى بولۇش كېرەك. يەنى، بىرەر دىتال، ئېپىزوت ياكى ئىخچام تىپىك ۋەقەلەر ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مەلۇم تەرىپى تەسۋىرلىنىپ، ئاددى ھادىسىلاردىن ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىغان، تامچا ئارقىلىق دېڭىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى پىكىر بولۇشى كېرەك.


ئىككىنچى، قۇرۇلمىسى ئەپچىل، پۇختا بولۇش، يەنى، ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنا ئىپادىلەيدىغان، شەكلى خىلمۇ- خىل، تىلى راۋان بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ھېكايە ھەجىم جەھەتتە ئادەتتىكى ئۆلچەملىك ئىش قەغىزىدە قۇر تاشلاپ 5 بەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، قەلەم بىلەن ئوچۇق يېزىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ھېكايىنىڭ بېشىغا «كىچىك ھېكايە» دەپ يېزىپ قويۇلىشى، ئاپتورنىڭ ئادرېسى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

بەشىنچى، ھېكايىنى بىرلا ئورۇنغا ئەۋەتىش كېرەك. بىر نەچچە ئورۇنغا تەڭ ئەۋەتىشكە بولمايدۇ.


«قەشقەر ئەدەبىياتى ژورنىلى» تەھرىر بۆلۈمى.



پىشانەتسىم شائىر ئەھمەد ز-
يائى قەشقەردە بولغان كۈنلى-
رىدە، قەشقەر يېڭىشەھەرگە قا-
راشلىق كىچىك يېزىسىنىڭ
سۇيدىغانلىقلا كەنتىگە بېرىپ،
راجىيە - سەئىدەنىڭ قەۋرى-
سىنى زىيارەت قىلدى.



ئەھمەد زىيائى «قەشقەر
ئەدەبىياتى» ژورنىلى مۇھەر-
رىرلىرى بىلەن سۆھبەتلەش-
مەكتە.




قەشقەر ئەدەبىياتى (13 - يىل نەشرى)

1984 - يىل 6 - سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

---

ناشىرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت
چەمبەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/16، 8 تاۋاق
پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فوڭ، ژۇرنال نومۇرى 62 — 58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق
ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 0 4 1

---

《喀什噶尔文学》（双月刊）

1984 年 第 六 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什 地区文联
印刷：《喀什日报》印刷厂
订阅：全国各地邮电局（所）
代售：各地邮电局及新华书店
开本：1092×787MM1/16，8 印张
代号：58—62　单价：0.35 元
新疆维吾尔自治区期刊登证 041 号